ترجمة

# تفسير جزء عم يتساءلون

بالله اللغة التركستانية


محمد ظريف قاري كاشغري



تلخيص

رحمة الله عناية الله



رابطة العالم الإسلامي

مكة المكرمة

١٤٠٣هـ ـ ١٩٨٣م

www.uyghurkitap.com

ترجمة

# تفسير جزء عم يتساءلون

باللغة التركستانية

محمد ظريف قاري كاشغري

تلخيص

رحمة الله عناية الله

رابطة العالم الإسلامي

مكة المكرمة

١٤٠٣هـ ـ ١٩٨٣م

www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله رب العالمين ، والصلاة والسلام على إمام الانبياء والمرسلين ، سيدنا محمد وعلى آله وصحبه أجمعين

أما بعد :

لا شك ان مساهمات علماء تركستان فى العصور الاسلامية الأولى كانت جليلة عظيمة فى مختلف ميادين الثقافة والحضارة الاسلامية ، وبالأخص فى حقل العلوم الدينية التى غدى فيها علماؤهم سراجاً وسنداً يرجع إليهم فيها ويسترشد باعمالهم ، وفى مقدمة اولئك العلماء الامام الجليل محمد بن اسماعيل البخارى رحمه الله ، الذى قضى حياته فى جمع الاحاديث النبوية الصحيحة والسنة المطهرة لكي يترك للأمة الاسلامية مشعلا مضيئاً ومرجعاً صحيحاً وسنداً عادلاً فى أحاديث المصطفى صلى الله عليه وسلم .. وقد إستمر الحال بمثل هذا النشاط الذاخر فى تركستان فترة طويلة من الزمن .. فيها كانت مدارس بخارى ، وكاشغر وسمرقند مقصداً لطلاب العلم والعلماء من اقطار العالم الاسلامي ، ليس فى العلوم الدينية فقط ، بل فى مختلف فنون المعرفة الانسانية التى ساهمت فى بناء الحضارة الأسلامية والتى شاركت بقسطٍ وافرٍ فى تشييد الحضارة العالمية الحديثة .

بيد أنه في السنوات الأخيرة جار عليها الزمان فخبت تلك الشعلة الثقافية والحركة الاسلامية الفكرية التي نرجو ان يتذكرها أبناؤها المعاصرون ويسترجعون حقيقة ماضي أمتهم المجيدة ومساهمات أجدادهم وآبائهم الفكرية في ميادين الثقافة الاسلامية ويكون هذا التذكر والتصور دافعاً قوياً في تعزيز إيمانهم بالله رباً وبالإسلام ديناً وبمحمد ﷺ رسولاً حتى يعودوا بذلك إلى ما كان عليه سلفهم الصالح رضوان عليهم

ورغبة مخلصة من رابطة العالم الإسلامي بمكة المكرمة في تنشيط الفكر الاسلامي وانارة السبيل الذي لايزال يعتز بدينه يسرها أن تقدم لكل منهم هذا الكتاب «ترجمة تفسير جزء عم» باللغة التركستانية رجاء ان يكون نبراساً يستضيئون به في سبيل العودة إلى كتاب الله العظيم وسنة رسوله ﷺ ويكون سبباً في توثيق صلة الأخوة الاسلامية بين مسلمي تركستان ورابطة العالم الاسلامي التي تعمل على رعاية المسلمين ومساندتهم في مختلف شئونهم أينما كانوا وحيثما وجدوا. والله الهادي الى سواء السبيل

الأمين العام لرابطة العالم الاسلامي
بمكة المكرمة

محمد علي الحركان

## كيريش سوز :

الحمد لله رب العلمين والصلاة والسلام على امام الانبياء والمرسلين سيدنا محمد وعلى اله وصحبه اجمعين.

اما بعد، بى شكدور تركستان علماء لرى نينك ايليك اسلام تاريخيده قيلغان ايجاديتى كوپ بيوك ايديلر. بيليم ميدانلريده و اسلام مدنيتيده وخصوصا اسلام دينى ساحه سيده علما لرى مسلمانلر نينك چيراغى بولوب اولرنينك يازغان اثرلرى نينك يولليوروقى ايله فائده آلماقدا ايديلر. واول بيوك علماء لرينينك باشيده بولغان الامام الجليل محمد بن اسماعيل البخارى رحمه الله بتون حياتينى پيغمبر صلى الله عليه وسلم نينك صحيح حديث لرينى وسنت لرينى توپلاب مسلمان ملتيگه ياقيب چيراغ وپخته قايناق وراست حجت قيوب كيتى لر. بونداغ يوكسك علمى حركتلر اوزون وقت دوام قيلغان زمان لرده بخارى، كاشغر وسمرقندلرديكى مدرسه لر مسلمان دولت لرنينك علماء لرى و بيليم ايستيگوچى لرنينك قبله گاهى ايديلر. يالغوز دينى بيليم لر اوچون ايمس بلكه خيلمو خيل انسانيت بيليم لرى و فن لرى اوچوندور. موندا ق هرخيل بيليم لرى و فن لرى اسلام مدنيتيگه قوشلوب حاضيرقى دنيا مدنيتينى وجودغه كلمكغه بيوك اولچه ده ياردم قيلغان ايديلر.

بورونقى يسللرده زمان نينك غدار ليغيدين بو يالقين بيليم چيراغى و مدنى اسلام حركتى پسلاب قالغان بولسيمو امّا حاضيرقى تركستان ياشلرى دين اُميد قيلورمزكى اول فعاليت لرنى ياشلاب و اوتمو شديكى اولوغ ملتى نينك تاريخينى يادلاپ و اتا-بابالرنينك بو اسلام فكرى ميدانلريده قيلغان ايجاديتينى اويلاسونلر. چيراكه بو اويلاماق و اسلامك بيلن اوزينينك ايمانينى قوتلاب الله نينك ذاتا وصفاتا يگانه پروردگارليقيغه و اسلام دينى نينك راستليقيغه وپيغمبر صلى الله عليه وسلم الله تعالى نينك الچيسى

www.uyghurkitap.com



ایکنلیکیغه ایشانماق کوچلانیب اتا-بابالری قایداق قوتلوق و اولوغ اوتگن بولسا شولرنینگ مقاملریگه یتیشمکغه غیرت قیلسونلر.

مکه مکرمه دیکی اسلام دنیا تشکیلاتی اسلام فکری نینگ حرکتلرینی جانلاندورماق و اوز دینینی عزیز بیلگن مسلمان یاشلری نینگ یوروتماق ارزوسی ایله بو جزء عم تفسیری »» نینگ ترکستانچه ترجمه سینی هر بیرلریگه سونماق اومیدیمیز. ورکی بو کتابیمیزنی یاخشی اوقوب توشونوب الله تعالی نینگ اولوغ کیتابیغه و پیغمبر صلی الله علیه و سلم نینگ سنتلریغه یانماقده بولغان یوللرینگیزنی آیدینگلاب ترکستان مسلمانلری اسلام تشکیلاتی بیلن بولغان دینی قیرینداشلیق لرینی کوچایتماقغه سبب بولسون. اسلام دنیا تشکیلاتی بولسا قانداغ جایدا و قانداغ یرده مسلمانلر بولسون اولرنینگ هر خیل ایستاکلریگه یاردم قیلادور. بیوک تنگریمیز راست یولده بولماقیمیزغه هدایت برسون.

دنیا اسلام تشکیلاتی نینگ عمومی سیکریتیری

محمد علی الحرکان

بســــــــــم الله الرّحمن الرّحيم

الحمد لله رب العالمين و الصلاة و السلام على رسوله الأمين
محمد صلى الله عليه و سلم اما بعد :

قران كريم بولسا بيز مسلمان له رنينك الله تعالى طرفيدين پيغمبريمز
محمد صلى الله عليه و سلم غه انسان له رنينك هدايتى و سعادتى
ئوچون ايبريلگه ن مقدس كتابيميز دور . بو اولوغ كتابنى ئوقوپ وه
بيليب عمل قيلماق هربر مسلمان له رنينك واجبى بولغان اوچون
علماء لريميز اسكى زماندين بيرى بو كتاب مقدس نى تفسير و بيان
ايلامك بيلن مشغول بولوپ بارچه لرگه تعليم برگاندور . مسجد
لرده و مدرسه لرده ياكى مجلس له رده بولسون قران نينك هدايتينى
و اسلام نينك تعليماتله رنى بيلدورمك ئوچون سوز بيله ياكى ياز و بيله
كوپ حياتلريني وحتى كه جان له رينى قربان برگان دور .

بو علماء لريميز دين بيرى بولسا مرحوم ظريف قارى حاجيم ئوزينينگ حيا-
تيني و پول مالليريني علم لرغه صرف قيليب بارچه له ر تعليمى اوچون اينك
موهيم اثرى بولغان جزء عم تفسيرينى ارشاد و يادیگارى اولاراق ئوز اريمز
دا اوقوماق بيرله مرحومغه دعا قيلماقده ميز اما بو تفسر كوب بيوك بول-
غان اوچون و ياشلر نينك زور كتابله رنى اوقوماقدين قاچماق بولغان حالدا
ايكنليكيغه كوره بو تفسيرنى قسقه قيليب يازماقغه موفق بولدوم .

اما علماء لر زيره سيدين بولمغان ليقيم بيرله تركستانچه ياز ولريم توبن
ده بولماق اوچون اخطاء لردين ساق ايمس دورمن . شول قصور ريمنى
عفو قيليب هر بير محترم اوقوغوچى لريميز دمن دين و ملت شهيدى بولغان
لريميز حقيده
علماء دعا قيلماقينى رجا ايتيمن . والله الموفق الى سواء السبيل .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 78 - سورة النبأ مكه ده نازىل بولمىش
## آيت لەرى 40 دور .

بسم الله الرحمن الرحيم

(عم يتساءلون ١) موشرىك لەر نىمە توغرىسىدىن سوروشادور لەر . يەنى بەزىلەرى بەزىلەرىدىن سوئال قىلىشادور .
(عن النبإ العظيم ٢ الذى هم فيه مختلفون ٣) ئاندا غ ئۇلوغ خەبەردىن سوراشادوركى ئۇل خەبەر عظيم توغرىسىدە ئىختىلاپ قىلىشقۇچىدور لەر .

ئۇشبو ئۇلوغ خەبەردىن مىراد رسول الله صلى الله عليه وسلم نىڭ مكه موشرىك لەرىغە مەن سىزلەرنى الله نىڭ ئازابىدىن قورقۇتقۇچى پەيغەمبەردورمەن ، دەپ ئۇلەرنى توحيدغە دەئۇەت و بعث يوم الاخيرغە ئىشەنداز ئەيلەپ وحى الهى نى تبليغ ئەتمەكىدور . ياكى قىيامەتنىڭ خەبەرىدور .
(كلا سيعلمون ٤) موشرىك لەر ئۇل نبإ عظيمغە ئىنكار ئەتمەكدىن وە ئۇل ئۇلوغ خەبەر ھەققىدە شەك قىلماقدىن يانسونلەر ، تىزدوركە بو ئۇلوغ خەبەرنىڭ ھەقىقەتىنى وە ھەقلىقىنى ئۇل موشرىكلەر بىلورلەر .
(ثم كلا سيعلمون ٥) سوڭرە ئۇل موشرىكلەر مەزكور ئىنكارىشەكلەرىدىن يانسونلەر ، تىزدوركە ئۇلەر ئۇل ئۇلوغ خەبەرنىڭ ھەقلىغىنى وە ئۆزلەرنىڭ ئىنكار وە شەكلەرنىڭ باتىللىغىنى بىلورلەر .
(الم نجعل الارض مهادا ٦) ئايا بىز يەرنى ئادەم وە ھايوانات لەر باسىپ يورمەك لەرى ئۈچۈن توشەك قىلمودوقمو ؟ يەئنى زېمىننى يايىلغان توشەكدەك قىلدوق تاكە ئۇل سىز خەلق لەرغە جاي تقلب وە قارارگاه ئولسون دېمەك ئۈچۈن .

(والجبال اوتادًا (٧)) ۋەتاغلارنى يەرنىڭ قوزۇقلىرى قىلمىدۇقمۇ؟ تا
ئۇل تاغلار ئىلە يەر مەھكەم قارارلىشىپ مىھادلىقى كامىل بولسۇن
دېمەك ئۈچۈن.

(وخلقنكم ازواجًا (٨)) ۋە ھەم سىز ئىنسانلارنى جۈپ قىلىپ ياراتتۇق
يەئنى سىزلەرنىڭ جىنسى ۋە ئۈلپەت ئالماقىڭىز ۋە مەئىشەت بابىدا
بىر بىرىڭىزگە ماددى ۋە بەدەت كۆرگۈزمەكىڭىز ۋە نەسلىڭىز باقى بولماقى
ئۈچۈن سىزلەرنى ئەر ۋە خاتۇنلار قىلىپ ياراتدوق.

(وجعلنا نومكم سباتًا (٩)) ۋە ھەم سىزلەرنىڭ قۇۋۋايى ھەيۋانىيەلىرىڭىزغە
راھەت يەتكۈزمەك ۋە ئاغايەتكەن سوسلۇق ۋە ھاردۇقنى كەتكۈزمەك
ئۈچۈن ئۇيقۇلىرىڭىزنى بىھىساس ۋە ھەرىكەتدىن كەسىتتۇك.

(وجعلنا الليل لباسًا (١٠)) ۋە ھەم كېچەنى بىز سىزلەر ئۈچۈن لىباس يەئنى
پەردە قىلدۇق چۈنكى ئادەملەرنى لىباس ياشۇرغاندەك كېچە ھەم قا-
راڭغۇ بىلە خەلقنى يوشۇرادۇر. ۋە ھەم لىباس ئىنساننى ئىسسىقدىن ۋە
سوغاقدىن ۋە ئەۋرەتنى كە بېگانەلەر قاراماقدىن، ساقلىغاندەك
كېچە ھەم دۈشمەندىن ۋە زەرەرلىك ھەيۋاندىن كىشىنى ساقلايدۇر.
ۋە ھەم لىباس ئىلە ئىنساننىڭ جامالى ۋە قۇۋۋەتى كامىل بولغاندەك كېچە
دە ۋاقى بولغان ئۇيقۇ سەبەبى ئىلە ئىنساننىڭ جامالى ۋە تەراۋە ئەزاسى
ۋە قۇۋايى ھىسسىيە ۋە ھەرىكەسى زىيادە بولىدۇر. ئۇيقۇدىن
سوڭ كېچەنى زىكرى ئەيتمەكدە بومەئنىغە ئىشارەت باردۇر. يەئنى
ئەي ئىنسانلار سىزلەرنىڭ ئۇيقۇلىرىڭىزغە ۋەقت بولغان كېچەنى سىزلەر
ئۈچۈن پەردە قىلدۇقكى ئىنىڭ قارالغى سىزلەرنى ياپادۇر ئانداغكى لىباس
كەيگەننى كىشىنى ئوراپ ياپادۇر موندا قىلماقىمىز سىزلەر كۈندۈزدە قىل-
غان ھەرىكەتلەرىڭىزدىن بىكار تاپىپ ئاندە ئارام تالغاى سىزلەر دېمەك
ئۈچۈن دۇر.

(وجعلنا النهار معاشًا (١١)) ۋە ھەم بىز - سىزلەر ئۈچۈن كۈندۈزنى تىرىك

چېبلېك وەقتى قىلدۇق يەنى كۈندۈزنى تىرىكلىك زامانى قىلدۇق.
كە ئاندە ئۇلۇم نىڭ بورادىرى بولغان ئۇيقۇلەرىڭىزدىن تورغوزولاسىزلەر،
الله سبحانه ئۇيقۇنى ئۇلۇم قىلغاندەك ئويغاقلىقنى تىرىك قىلمىش كۈندۈز
ئول تىرىكلىك نىڭ وەقتىدۇر.

(وبنينا فوقكم سبعا شدادا (١٢)) وە ھەم بىز سىزلەرنىڭ باشلەرىڭىز
ئۈستىدە يەتتە ئەدەت قەۋى وە مەھكەم بىنالەرنى ياسىدۇق.
ھەممە مۇيەسسىرىن مۇتەقەددىملەر سبع شدادنى يەتتى قات
ئاسمان دەيدۇرلەر. شداد دىمەك ئولەرنىڭ يارالماقى قەۋى
وە بىناسى مەھكەم و ئاناغا ھىچ يارتۇق وە تورشوق يول تاپماغان دىمەكدۇر

(وجعلنا سراجا وهاجا (١٣)) وە ھەم بىز سىز خەلقلەرنىڭ مەنپەئەت
لەرىڭىز ئۈچۈن پارىللاب وە دەرخشان بولغان چىراغنى ياراتدۇق كە
ئول قوياشنى (كۈن) دۇر. يەئنى ھىچ نەمۇنە وە مىسالى بولماغان چىراغ
قوياشنى بىز پەيدا قىلدۇق دىمەكدۇر.

(وانزلنا من المعصرات ماءً ثجّاجًا (١٤)) وە ھەم بىز سىز مەخلوقلەر ئۈچۈن
يامغۇر ياغدۇرغۇچى بولۇتلەردىن توكۇلگۈچى سۇنى توشۇردۇك.

(لنخرج به حبا ونباتا (١٥) وجنّت الفافا (١٦)) بولۇتدىن توكۇلىپ ياغماق بىلە توكۇلگۈچى
يامغۇر توشۇرمەكىمىز ئەينىك ئۈچۈندۇركى تا ئول يامغۇر ئىلە ئىنسانلەر
يەيدۇرغان بوغداي وە ئارپا وە قوناق كەبى دانەلەرنى وە ھەم ھايوان
لەر يىمەك قىلادۇرغان ھەر قىسمى گىياھلەرنى وە ھەم بەزىسى بەزىسىغە
ئورالىشقان ھەر نەۋئى دەرەخلىك باغلەرنى ئۈندۈرگەيمىز.

(ان يوم الفصل كان ميقاتا (١٧)) تەھقىق خەلقنىڭ ئارەسىنى ئەمەللەر سە-
بەبى ئىلە ئاجراتادۇرغان كۈن مۇئەييەن بولدى. يەئنى قىيامەت كۈنى ھەيئەت
قوسورەت وە ئەخلاق وە ئەئمال ئىلە سەئىدلار وە ئاشقىيالر ئاراسى ئايرىلا-
دۇرغان بىر كۈندۇر.

(يوم ينفخ فى الصور فتاتون افواجا (١٨)) ئۇ ندە سورغە دەم ئورولور

خالایق نىڭ قەبرىدىن قوپارلماقى ئۈچۈن ئىسرافیل علیه السلام صورغه
دەم ئۇرۇر. بىز مۆمىنلەرگە ۋاجىب بولغان نەرسە نفخ صور باردەپ
ئىمان كەلتۈرمەكلىك ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتى نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەك ۋاجىب
ئەمەستۇر. ۋە ئۇل صورنىڭ كەيپىيەتىدىن بەس ئەتمەك مۆمىن
لەرگە راۋا ئەمەستۇر. بىز لەر ئۇل سورغە دەم دەمدە قىلغان
چاغدا قەبرىلەرىمىزدىن تۇرۇپ پەۋج-پەۋج، جاماەت-جاماەت
بولغان ھالدا مەۋقىفغە كەلسىزلەر.
(وفتحت السماء فكانت ابوابا ⑲) ئۇل كونى ئاسمانلار ئېچىلۇر ئاسمانلەر
ئىشىكلەر بولۇر يەئنى ئۇل كونى ئاسماندىكى فرىشتەلەر توشمەك
لەرى ئۈچۈن ئاسمانلەر گويا تاماماەن ئېچىلغان ئىشىكلەر بولۇر.
(وسيّرت الجبال فكانت سرابا ⑳) ۋە ئۇل كوندە تاغلەر ھاۋادە توپارەك
يوتتۇرولۇر ۋە ئۇل تاغلەر كوزگە كورونگەن سىراب دەك بولۇر. تاغلەرنى
قىيامەت كونىدە سىرابغە تشبيه قىلماقنىڭ ۋەجھى بولكە سىراب نى يىراق
دىن كورگەن كىشى ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇر. ئۇل سىراب نى كورگەن
جايغە كەلگەندە ھېچ بىر نەرسەنى تاپمايدۇر. شۇنىڭدەك ئوخشاش تاغ
لەر ھەم كۆرگۈچىنىڭ كوزىغە گويا تاغ دەك كورونادۇر. ئەمما ئۇل
تاغلەرنىڭ پارچەلەرى چېچىلىپ توپراق بولغان ۋە تىتىلغان
رەڭمورەڭ يوڭلەردەك بولغان ۋەجھىدىن ھەقىقەتتە يوقدۇر.
(ان جهنم كانت مرصادا ㉑ للطاغين مآبا ㉒) تەھقىق دوزەخ ئازاب
قىلماق ئۈچۈن كوتوب تورادورغان جاي بولدى. نابەرمانلىق ۋە ھەد
دىن ئاشاۋوز قىلغان ئىشەقىلەر ئۈچۈن قايتادورغان جاي بولدى.
(لبثين فيها احقابا ㉓) ئۇل ھەددىن ئاشاۋوز قىلغان ئىشەقىلەر ئۇل -
دوزەخدە ئۇزۇن زامانلەر ئىقامەت قىلىپ تورغۇچى بولغان ھالدا
احقاب عقب نىڭ جەمئىدۇر. عقب لوغەتتە سەكسەن يىل يائاندىن

زىيادەنى ئەيتورلەر. قاموستە ئىستادوركە حقبە بالكسر زامان
دىن موددەت غەير مەھدۇد دوركە ئىنىڭ ۋەقتى يوقتۇر.
(لايذوقون فيها بردا ولا شرابا (24) الا حميما وغساقا (25) ئۇل طاغى لەر
ئۇل جەھەننەمدە ئۇزلەرىدىن دەۋزەخنىڭ ھارارەتىنى توسادۇر
غان بىرەر سالقىن راھەتنى ۋە يە تەشنەلىكنى كەتكۈزەدۇرغان
بىرەر ئىچىملىك تېتىماسلەر. مەگەر ھارارەتىنىڭ قاتتىغلىقى
ناھايەتىغە يېتىشكەن قايناق سۇنى ۋە دەۋزەخى لەرنىڭ
تەنلەرىدىن ئاققان زەردابنى تېتورلەر.
(جزاءً وفاقا (26)) ئۇل طاغى لەر دونيادە قىلغان ئەمەللەرىغە موافق
بولغان جازا بىرلە جازا بىرىلدىلەر.
(انهم كانوا لا يرجون حسابا (27) وكذبوا بآياتنا كذابا (28) تەھقىق ئۇل ئازغون
لوق قىلغانلەر دونيادە قىلغان ئىشلەرى موقابىلىدە ئاخرەتدە موھا
سىبە بولونماقدىن قورقماس بولدىلەر يا كى ئاخرەتدە موھاسىبە
بولونماقدىن كوز توتمادىلەر ۋە ھەم بىزنىڭ ئايەتلەرىمىزنى نىھايەتدە
افراط ئىلە يالغان قىلدىلەر، شونىڭ ئۇچۈن كوفردە ۋە ھەر خىل گوناه
لەردە سابىت ۋە دەۋامدە بولماق سەبەبى ئىلە ئۇلەرغە موۋا-
فىق جازكور مەكدە بولورلەر.
(وكل شيءٍ احصيناه كتابا (29)) ۋە ھەر بىر نەرسەنى بىز مەھكەم ساقلىدۇق
ئانداغ ساقلىماق ئىلە كە قوۋەتتە ۋە سابىت بولماقلىقدە ئۇل ساق
لاش گويا يازو ئىلە قەيد قىلىنغان ئىلىم مەنزىلەسىدەدور يا كى
بىر نەرسەنى بىز ساقلادوق ئۇل نەرسە لوح المحفوظ دە «لەۋ
ھىل مەھفوز دە» يا ئەئمال لەر كاتىب لەرنىڭ سەھىپەلەرىدە-
يازىلغان بولغان ھالدا بەندەلەرنىڭ دونيادە قىلغان ئەمەللەرىنى
دەن ھىچ بىر نەرسە بىزنىڭ ئىلمى ميزدىن غايىب ئېمەسدور.

ر فذوقوا فلن نزيدكم الا عذابا (٣٠) ني موسته هيق جههه ننهم بولغان تاغىلەر
قىلغان ئەمەللەرىگىز نىڭ جازاسىنى تارتىڭلەر . بىز سىزلەرغە ئەلبەتتە ئازاب
ئۈستىغە ئازابدىن باشقە نەرسە زىيادە قىلمايمىز .
سوكرە بىگىلكە الله سبحانه ئەشقىيالەرنىڭ ئەھۋال خسران ماللەرىنى
وە ئۇلەرنىڭ ۋەئىدلەرىنى بايان قىلغاندىن كين سەئداءلەرنىڭ ئەھوال سائادە
ئشتمالەرنى ۋە ئۇلەرنىڭ وەئدىنى بايان ئەتمەكغە باشلاب دېدىكە : (٣٤)
(ان للمتقين مفازاً (٣١) حدآئق واعنابا (٣٢) وكواعب اترابا (٣٣) وكاءساً دهاقا)
تەھقىق موتتەقى لەرغە يەئنى اللەدىن قورققوچى وە كوفردىن وە ئەھل كوفرى نىڭ
ھەممە گوناھلەردىن سا قلانغوچى لەرغە دور تەلەب ۋە ئۇمىدلەرىغە
يەتمەكلىك وە ھەرخيل موخيل ميوەلىك دەرەخ ئىلە تولغان باغلار ۋە ئۇ
زومله‌ر وە ھەممەسى ياشتا بارابەر بولغان ئەمچەكلەرى يىپكى تولوب
بىتىشكەن قىزلەر وە ھەم شاراب ئىلە توشقورولغان جام وە پيالەلەر
« مفازاً » خەوف وە خەتەردىن سالامەت بولوب خەير ماء مولغەيە تەمەك
دېمەكدور . ياكە قورقونج وە خەتەردىن نىجات تىپىپ خەيرغە يېتەدور غان
جاي دېمەكدور . مراد جەننەت دور . « كواعب » كاعب نىڭ جەمئىدور
يەئنى بوستانلەرى يومولاق ئولوب « كعب » دەك يىپكى زوھور قىلغان قىزلەر
دېمەكدور . « تراب » جەمئى ترب يەئنى ھەممەلەرى نىڭ ياشلەرى تەڭ
دېمەكدور .
(لا يسمعون فيها لغوا ولا كذابا (٣٥) ) ئول موتتەقى لەر ئول جەننەتدە پايدەسىز
سوزنى ئېشىتمەسلەر ۋە ھەم بىرى نىڭ سوزىنى يەنە بىرى يالغانغە نسبەت
بەرمەكنى ئىشتمەسلەر .
قوله « لا يسمعون » ماقەبلىدەكى « وكاءساً دهاقا » مەزموندىن ناشى بولغان
سوئال - جاوابىدە وارىد بولغان بولساھەم محتمل دور . گويا « وكاءساً
دهاقا » مەزمونىنى تىكلاغان كىمسەنىڭ

كۆڭلىگە زوھۇر قىلىدۇر كە دۇنيا ئەھلى شاراب مەجلىسىدە-
بىھۇدە باتىل سۆزلەرنى قىلىپ بىھۇشلۇق بىر- بىرىنى يالغان قىلىپ
سۆز ۋە ئىشتە «لغو» غە چۈممەكدە بولور، جەننەت ئەھلى
مەجلىسىدە ھەم شۇنداغ بىھۇدە سۆز ۋە ئەمەللەر زوھۇرغە
كېلۇرمىكىن دەپ ئۇشبو سوئال مۇتەۋەھھىم جاۋابىدە الله تعالى
ئەيتىپدۇر. جەننەت ئەھلى ئۇل دارلمۇسۇروردە «كاسا دهاقا»
ئىچىپ مەجلىس قىلغان ھالدە ئەقىللەرى موتەغەييىر بولوب
«لغو» ۋە بىھۇدە سۆز قىلمايدۇرلەر ۋە ھېچ بىرلەرىنى يالغانچى
دەپ ئاتامايدۇرلەر.
(جزآءً من ربك عطاءً حسابًا ٣٦) يۇ محمد رەببىڭ ئۇ موتتەقىلەرگە
ئۇشبو ساۋابلەر ئىلە موكاپات بەردى. ئانداغ موكاپات عظيمكه
ئۇل موكاپات رەببىڭنىڭ ئۆز تەرەپ كەرىمىدىن بولغان ۋە ئەۋ-
الهى موقتەزاسى بىلەن بولمىشدۇر.
(رب السموٰت والارض وما بينهما الرحمن) يۇ محمد سىنىڭ رەببىڭ
ئاسمانلەرنىڭ ۋە يەرنىڭ ۋە ئۇل ئاسمان ۋە زېمىن ئورتا-
سىدەكى نەرسەلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، رەھمەتى
ھەممە نەرسەلەرغە شامىل دور. يەئنى موتتەقىلەرنى ئوچۇن
ئۆز جىناب كەرەمىدىن بولغان ئۇل ئاتاء كافى ۋە جازاء وافىنى
ۋەرە قىلغان رەببىڭ ھەممە نەرسەلەرنىڭ خالىقى ۋە مالىكى
ۋە مورەببىسىدۇر. چەمى مەۋجوداتغە ئۆز ھىكمەتى
موقتەزاسىچە ۋە ئۇلەرنىڭ ئىستىئدادى ئەندازەسىچە جود-
ۋە خەيرنى مىسر قىلمۇچىدۇر.
(لا يملكون منه خطابا ٣٧) ئۇل ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلى لەرى
الله سبحانه نىڭ جىنابىدىن بى ئىزنى ئاغابارابەر سۆز قىلماقغە مالك

بولالماسلەر، يەئنى الله سبحانه نىڭ ساۋابىغە وە نى ئازابىغە ـ
ئعتىراز قىلالماسلەر.

(يوم يقوم الروح والملٰئكة صفا لا يتكلمون الا من اذن له الرحمن وقال صوابا ٣٨) ئانداغ بىر كوندەكى جانلەر وە فرىشتەلەر ئۇ روز شىددەت ئەندوز نىڭ ھەيبەتى دىن بىرە ركەلىمە سوز قىلالماغان ھالدا سەپ بولوپ تىز يلىپ توراد ورلەر. مەگەر خىتاب قىلماققە مالىك بولودور بىر كىشىكى، الله تعالى ئاڭا سوز قىلماققە رخصت بىرور ئۇل كىشى راس وەدوروس سوزنى ئەيتور. ھەشرە كونىدە روح وە پەرىشتەلەرنىڭ سەپ چېكىپ ئاياغ ئۆزرە كورمەك لەرىنى زىكرى ئەيتماق پەروەردىگار عظيم نىڭ عظمت سولتاننى وە كبرياء جالالىنى بايان ئەتمەك وە بەعث كونى نىڭ غايەتدە قورقونچلىق بىر كون ئىكەنىنى كورسەتمەك ئوچون دور.

(ذلك اليوم الحق) ئۇل وەسەپ قىلىنغان كون ئەلبەتتە موھەققەق وە سابت واقى بولغوچى كوندور يەئنى ئۇل كون دەھشەتلىك كە روھ وە فرشتەلەر غايەت قورقونچلىق ئىلە سەپ بولغان ھالدا بويون لەرنى ئىگىب توراد ورلەر، ئۇل ھەقدۇر ئەلبەتتە بولغوچى دور. ئۇنىڭ بولماقىغە ئىنكار ئەتمەك ھىچ بىرنەرسەئى ئىلە راۋا ئىمەسدور.

(فمن شاء اتخذ الى ربه مابا ٣٩) مونداغ بولسا ـ يەئنى زىكرى قىلىنغان شىددەتلىك كونغە ئىنكار قىلماق راۋا ئىمەس ئەمەر تبەدە تەھقىق وە سابت بولغان ئۇل كوننىڭ ئەھوال شىددە تىدىن نجات ئىستىبگەن كىشى ئىمان وە تائەت بىرلە پەروەر دىگارى نىڭ ساۋابىغە قايتماقنى ئىستەسە پ ھەركەت قىلور لەر.
سوڭرە الله سبحانه انسان لەرنى قيامەت كونى نىڭ دەھشەتى

دىن قورقوتماقدە زىيادە تەكىد ئىلە دەيدورلەر :
( انا انذرنكم عذابا قريبا يوم ينظر المرء ما قدمت يداه ويقول الكفر يليتنى كنت
ترابا ٤٠ ) اى ئىنسانلەر تەھقىق بىز سىزلەرنى قورقوتدوق كەلمەكى
يېقىن بولغان ئازاب بىرلە ئول ئازاپ بىر قورقونچلۇق كوندە كېلوركە
خاه ئەر وە خاه خاتون بولسون ئوز نىنك ئىككى قولىغە ئىلگەرى ئىبەر
گەن نەرسەغە قارايدو وە يەئنى دونيادا ئەمەلغە كەلتوروپ ئوزى
دىن ئىلگىرى ئىبەرگەن ئەئمالىغە نەزەر قىلىدور. نىمكى قىلغان
ئەمەل بار بولسا دەپتەرئە ئەئمالىدە ئېنى كورەدور . وە ھەققە
ئىنكار قىلغوچى كافىر ئول كونى غايەت خەوف وە ھەسرەتدىن
كاشكى مەن توفراق بولسام ئىدى دەيدور .

## 79 - سورة النازعات مكەدە نازل بولمش

## آيتلەرى 46 دور .

بسم الله الرحمن الرحيم

( والنزعت غرقا ١ ) كافرلەر نىنك جانلەرىنى قاتتىغلىق بىلە سو-
غوروپ تارتقوچى ئولوم فىرىشتەلەرى بىرلە قەسەم قىلەمەن .
( والنشطت نشطا ٢ ) موئمىنلەر نىنك ئەرواھىنى يومشاقلىق
ئىلە چىقارغوچى ئولوم فىرىشتەلەرى بىلە قەسەم قىلەمەن.
( والسبحت سبحا ٣ ) الله تعالى نىنك ئەمرىنى وە وەھيىنى بىجىرمەك
ئوچون سورئەت بىرلە يەر بىلەن ئاسمان ئارا سىدا ئوچقوچى
فىرىشتەلەر بىرلە قەسەم قىلەمەن.
( فالسبقت سبقا ٤ ) موئمىنلەر نىنك ئەرواھىنى جەننەتكە وە
كافىرلەر نىنك جانلەرىنى جەھەننەمغە تىزلىك بىرلە ئوچقوچى
فىرىشتەلەر بىرلە قەسەم قىلەمەن.

(فالمدبرت امرا ۵) ھەر ئەمرى ئەزىمنى تەدبىر قىلغۇچى، يەئنى ئىنسانلەر وە جىنلەر ئەرۋاھىغە بولغان ساۋاپ وە ئازاب ئىشىنى تەدبىر قىلغۇچى پىرىشتەلەر بىرلە قەسەم قىلىمەن. ياكى موتلەقەن بۇ دۇنياغە موتەئەللىق ھەر قايداغ ئىش بولسا تەدبىر قىلغۇچى پىرىشتەلەر بىرلە قەسەم قىلىمەن.

اللە تعالى بۇ زىكرى قىلىنغان سۆزلەر بىلەن قىيامەت نىڭ بولۇشىغە قەسەم قىلدى. اللە سبحانە قۇرئان ئەزىمدە زامانلەر، ماكانلەر وە باشقە كۆپ نەرسەلەر بىرلە قەسەم قىلىپ دۇر اللە سبحانە كالامىدا ئۆز مەخلوقاتىدىن ئۆزى خاھلىغان مەخلوقى بىرلە قەسەم قىلىب دۇر. ئەمما بەندەلەرگە مۇنداغ نەرسەلەر بىرلە قەسەم قىلماق راۋا ئەمەس دۇر.

مۇپەسسىرىن كىرام جاۋاب قەسەم بارەسىدە بىر نەچچە قەۋلەلەر زىكرى قىلىب دۇر لەر. ئەكسەرلەرى ھەممە قەۋلىدىن جاۋاب قەسەم **لتبعثن** مەھزۇب دېگەن قەۋلى ئىختىيار ئېتىپ تەقدىر كالام « والنزعت لتبعثن يوم ترجف الراجفة» دەپ دۇر لەر. وە مۇنداغ تەقدىر قىلماقغە كالام نىڭ سىياقى دالالەت قىلىدۇر يەئنى قولە تعالى أاذا كنا عظاما نخرة جاۋاب قەسەم لتبعثن بولماقىنى ئىستىدئا قىلىدۇر. دالالة كالام بىرلە جاۋاب دىن مۇستەغنى بولۇنغان جەھەتتىن ئىنىڭ زىكرى تەرك قىلىنىپ دۇر دېدىلەر. سۆگرە ئەقسام مەزكۇرەدىن كېيىن اللە سبحانە ئەمر ماھادەنى تەقرىر ئەيلەپ ئەيتدۇ (يوم ترجف الراجفة ۶ تتبعها الرادفة ۷) بۇ نەرسەلەر بىلەن قەسەم قىلىب ئەيتمەكى بۇ ئىنسانلەر ئەلبەتتە قەبرىدىن قوزغولۇرسىز لەر بىر قورقونچلىق كۈندە، ئول كۈندە ئاسمان وە زېمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەممە بارنەرسەلەر بىرلە قاتتىق تىترەپ زىلزىلە بولىدۇر.
سەبەب زىلزىلە بولغۇچى نفخة (نەپھە) ئۇلا. ئۇل نەپھە ئۇلاغە
تابى بولىدۇر، ئىنىڭ ئارقىسىدىن كەلگۇچى نفخة (نەفخە)
ثانيه (سانىيە) يەئنى (الراجفة) = ئەرراجىفە = بو نەفخە بىلەن
ئىنسانلەر قەبرىدىن تۇرغۇزۇلادۇر.
(قلوب يومئذ واجفة ۞ ابصارها خاشعة ۞) تولا كۆڭۈللەر ئۇل نەفخەتان
"پۇرۇك" ۋاقى بولغان كۈندە قورقۇنچىدىن تىترەگۈچىدۇر، ئۇل كۆڭۈل
لەرنىڭ ئىگەلەرى كۆزلەرى ئۇل كۈندە ھەيبەت رەببىم سەبەبى ئىلە
تۆبەن بېقىب تۇرغۇچىدۇر. يەئنى كافىرلەرنىڭ كۆڭۈللەرى ئۇل كۈن
بو دۇنيادا قىلغان يامان ئەئمال ۋە ئەسكى ئىشلەرىجە ھەستىدىن شە
دىيدە تىل ئەزتراب دۇر، ۋە ئۇل خەۋف ۋە ھەيبەت ئىلە تىترەگەن
كۆڭۈللەر ئەسھابىنىڭ كۆزلەرى بىچارەلىق ئىلە تۆبەن قارىغۇچىدۇر.
شۇكرە الله سبحانه بۇ جايدا بعث ۋە قيامتغە مونكىر بولغانلەرنىڭ
سوزىدىن ئۈچ سوزنى ذكرى قيلىبدۇر. ئۇلەرنىڭ بىرىنچى سوزى:
(يقولون ءانا لمردودون في الحافرة ۞) ئۇلەر ئەيتدۇرلەر ئايا بىز ئەۋ-
ۋەلقى ھالىمىزغە تىرىك لىكغە قايتارىلغۇچىدۇرمىزمۇ؟ يەئنى ئۆلگەن
دىن سوڭ يەنە ئەۋۋەلقى تىرىكلىك ھالىمىزغە قايتارىلىبمۇ ھاسىبە
قيلىنمىزمۇ؟
ئىككىنچى سوزلەرى:-
(ءاذا كنا عظاما نخرة ۞) ئايا بىزلەر چىرىب يىلگەن سوڭەكلەر بولغان چاغدا
ھاياتلىققە قايتىرىلورمىزمۇ؟ يەئنى ھاياتلىق ئەسەرىنى قوبول ئەتمەك
تىن ناھايەتدە يىراق بىر ھالدە بولغانىمىزدە يەنە ھاياتلىققە قايتا
رالىب بعث قيلىنورمىزمۇ؟
ئۈچىنچى سوزلەرى:

(قالوا تلك اذاً كرة خاسرة ١٢) ئۇل مۇنكىر بەئس بولغان كاپىرلەر ئەيتتىلەر
ئۇشبۇ ئەۋۋەلقى ھالغا قايتار بولماق ئەگەر راست بولسا ۋە بىزلەر تىرگۈزۈ
لۈپ مەھشۇر بولىدىغان بولساق ئۇل قايتىدۇرولوشى زىيانلىق قايتارىلماق
دۇر، يەئنى ئەگەر ئۇلگەندەن سوڭ تىرىلمەك راس بولسا بىزلەرگە
ھىچ بىر پايدە يوقتۇر. بەلكى بىزلەرغە ئاندىن زەرەر ۋە زىياندىن
باشقا ھاسىل كەلمەس.

الله سبحانه ئۇل مۇنكىر بەئس بولغان مۇشرىكلەرنىڭ ئۇشبۇ
سوزلەرى جاۋابىدە ئەيتىدۇر

(فانما هي زجرة واحدة ١٣) يەئنى ئې مۇشرىكلەر ئەۋۋەلقى ھالىڭىزغە
قايتارىلماقىڭىزنى تەجىب ئېتىشدەپ ئويلاماڭىز. الله نىڭ قۇدرەتى نەزە
رىدە ئۇل ئاسان ئىشدۇر. بىر ئاۋاز بىلەن بولىدۇر.

(فاذا هم بالساهرة ١٤) ئۇشبۇ بىر يەرياد ۋاقى بولغان ھامان زېمىن-
ئاستىدە بولغان كائىناتلەر يەر ردە بولورلەر.

بوندىن سوڭرە الله تعالى موسى عليه السلام نىڭ فرعون بىلە ۋاقى
ئەلەرنى بىلدۇرۇب ئەيتادورلەر:

(هل اتاك حديث موسى ١٥) ئې محمد ع ساڭا موسى ع نىڭ خەبەرى كەل
مىدىمۇ؟ يەئنى موسى ع نىڭ فرعوننى دينغە دەۋەت قىلغانى ۋە ئۇنىڭ
بو بارىدە فرعوندىن يېتىشكەن ئازارى ۋە جافالەرغە تەھەممول
قىلغانى، سوڭرە كوفرى ۋە ئىنادە ئەشەددى بولغان فرعونغە يەتكەن
ئىنتىقام ئىلاھى نىڭ خەبەرى تەھقىق ساڭا كەلدى.

بو قىسسەنى نازىل قىلماق رسول الله جېنابلەرىغە تەسەللى
ۋە مۇنكىر قىيامەت بولغان مۇشرىكلەرغە تەھدىت ئۈچۈندۇر.

(اذ ناداه ربه بالواد المقدس طوى ١٦) ئې محمد ياد قىل ئۇل ۋەقتنى
موسى ع نىڭ پەرۋەردىگارى ئاڭا نادا قىلدى مۇبارەك ۋە پاك

قىلىنغان «طوى» ۋادىدە.

(اذهب الى فرعون انه طغى ئا17) يئ موسى فرعون تەرەپىگە بارغىل
چونكە ئول فرعون ھەددىدىن تاجاۋوز قىلدى. يەئنى ئۆزىنىڭ
رەئىيەسى بنى اسرائىلغە جەبرى زۇلۇم كورگوزدى ۋە ھەمتە-
كەببۇرلىقنى پىشە قىلىب كوپرىنى لازىم تۇتۇپ ھەق يولدىن ئازدى.

(فقل هل لك الى ان تزكى ئا18) يئ موسى فرعون قېشىغە بارغاندىن
كېيىن ئاگاھلىگىل كى ئايا كوفرى ۋە تۇغيان چىركىدىن پاك بولماق
لىقغە سېنىڭ رەغبەت ۋە مەيلىڭ بارمۇ؟

(واهديك الى ربك فتخشى ئا19) يەرۋەردىگارىڭنى تونۇماقغە
ھىدايەت ۋە ئېرشاد قىلغايمەن. ئەگەر سەن مېنىڭ ئېر-
شاد ئەتكەنىمنى قوبۇل ئەيلەپ رەببىڭنى تونۇساڭ رەببىڭ-
نىڭ ئازابىدىن قورقۇرسەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىسەن.

(فأريه الآية الكبرى ئا20) موسى عليه السلام فرعون قاشىغە باردى
ۋە ئاگاھ ئەمرى ئىلاھىنى يەتكوزدى ئەمما فرعون ئىشەنمىگەن
ئۈچون ئۇلۇغ مۆجىزە كورسەتتى. يەئنى سوز بىرلە دەلىل كەلتور-
مەكىگە قەناەت قىلماغاچ موسى عليه السلام ئاسانى ئەژ-
دەرھا قىلىپ مۆجىزە كورسەتتى ۋە ھەم قولىنى يېڭىدىن چىقىرىپ
ئايىنايەتەك روشەن قىلىب كورگوزدىلەر.

(فكذب وعصى ئا21) فرعون ئول مۆجىزە كوبرانى كوروب موسىئ نى
يالغانچى دېدى ۋە الله سبحانه غە نافەرمانلىق قىلدى.

(ثم ادبر يسعى ئا22) سوڭرە فرعون موسى عليه السلام دەۋەت
قىلغان تائەت ۋە الله نىڭ تەۋھىدى ۋە قورقۇتىشىدىن يوز
ئۆيرودى. ياكى فرعون ئاسائى موسىئ نىڭ ئەژدەرھا بولغانىنى
كوروب قورقۇپ يوگورماق دەشتاب قىلغان ھالدا مجلسدىن
يوز ئۆيوردى.

(فحشر فنادى ٢٣) فرعون ھەممە ساھىرلەرى ۋە ئەسكەر
ۋە ئەئۇۋانلەرىنى يىغدى. ۋە ئۇلەرنى قىچقىرىپ ئەيتتىلەر:
(فقال انا ربكم الاعلى ٢٤) مەن سىزلەرنىڭ ئۇلوغ رەببىڭىزدور
مەن، مەندىن باشقا سىزلەرنىڭ ھېچ تەڭرىڭىز يوقتور يەئنى
سىزلەرنىڭ ئىشلەرىڭىزغە ئىگە بولغوچى لەرنىڭ بارچىسى
نىڭ ئۇستىدە مەندور مەن، مېنىڭ بارچەڭىزنى ئەلا-
ئىكەنىمدە شەك يوقتور دىدى.

الله سبحانه فرعوننىڭ ئەفئال ۋە سوزلەرىنى ھىكايە قىلغاچ
ئېنىڭ سوڭىدەن ئۇنىڭ ئەمەلىغە ياراشقان ئاڭا قىلغان مائامله
سىنى زىكرى قىلىپ ئەيتىدور:
(فَاَخَذَهُ اللّٰهُ نَكَالَ الْاٰخِرَةِ وَالْاُوْلٰى ٢٥) ئۇل فرعوننى دونيا ۋە ئا-
خىرەت ئازابى بىرلە يەئنى الله سبحانه فرعوننى ئۇل قىلغان نايەرمان
لىقى سەبەبى بىرلە دونيا ۋە ئاخىرەتدە توتتى ئاندائ ئۇقوبەت قىلماق
بىلەكىم، ئۇل ئۇقوبەتنى كورگەن ۋە ئاڭلاغانلەر ئىبرەت ئېلىپ خەۋفدە
بولىدور.
(ان فى ذلك لعبرة لمن يخشى ٢٦) تەھقىق ئۇشبو ھىكايەدە يەئنى موسىئ
بىلەن فرعوننىڭ قىسسەسىدە الله تعالىدىن قورققان كىشى ئۇچون
ئەلبەتتە ئىبرەت يەئنى تەئەججوب قىلىپ نەسىھەت ئالماق باردور.

سوڭرە الله سبحانه ئۇشبو قىسسەنى توگەتكەچ بعثغە مونكىر
بولغان قەومغە خىتاب قىلىپ ئېيتادور:
(ءَاَنتم اشد خلقا ام السمآء ط) ئېي مونكىرلەر ئايا سىزلەرنىڭ تەن
لەرىڭىزنىڭ كىچىكلىكى ۋە جىسملەرىڭىز تەئلىپىنىڭ زەئىپلىقى بىلە
ياراتماق قىيىنراقمو؟ يا ئاسمانلەرنىڭ بار و وجودى جىرملەرى
نىڭ چوڭلىقى ۋە تەئلىپلەرىنىڭ قەۋىلىقى بىرلە ھېچ بىر ماددە
سىز ئۇنى ياراتماق قىيىنراقمو؟ دور. بو ئىستىفھام تەقرىرى جاۋابدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇل مۇنكىرلەر ئاسمانلەرنىڭ يارەتىلماقى قىيىن راقدۇر دىيىپ
اقرار قىلماي چارە لەرى يوقتۇر .

شۇكرە الله سبحانه ئاسمانلەرنى يارەتقانى نىڭ كەيىنىدە تىغە
ئىشارەت قىلىپ ئەيتەدۇر :

(بناها ٢٧ رفع سمكها فسوّيها ٢٨) الله تعالى ئۇل ئاسمانلەرنى
ياسەدى . يەئنى ئۇل ئاسمانلەرنىڭ بەلەندلىكىنى تولا بەلەن كۆتەر
دى . ئۇل ئاسمانلەرنى بارابەر قىلدى يەنى ئۇلەرنى ھىچ بىر يارۇق
وە كەمچىلىك سىز يوتون قىلىپ ھەر بىرىنى موناسىپ ئۇرونغە
قويدى .

(واغطش ليلها واخرج ضحيها ٢٩) الله تعالى ئۇل ئاسمانلەرنىڭ
كىچەسىنى قاراڭغۇ قىلدى كۈندۈزىنى زاھىر وە ئاشكارا ئەيلەدى .

الله سبحانه ئاسمانلەرنىڭ يارەتقان كەيىنىدە تىنى بايان قىلغاندىن
كىن زىمىن نىڭ قايداغ يارەتقان لىقىنى ئاگاھ تابى قىلىب دىكى كە
(والارض بعد ذلك دحاها ٣٠) موندىن كىين يەئنى ئاسماننى ياساب
ئىنىڭ كىچە وە كۈندۈزىنى ئاشكارا قىلغاندىن كىين يەرنى ئىنسانلەر
وە ھايوانلەرنىڭ سوكونەت وە قارارىغە لايىق وە قابىل ئەيلەب يايدى
(اخرج منها ماءها ومرعيها ٣١) ئۇل زىمىن دىن ئىنىڭ سۇيىنى وە ئوتلانا
دورغان تىرىم لەرىنى چىقاردى . يەئنى الله تعالى يەردىن چەشمە
لەر چىقارماق وە دەريالەر جارى قىلماق ئىلە زىمىن نىڭ سو
لەرىنى پەيدا قىلدى وە ھەم ئىنسانلەرغە وە ھايوانات لەرغە
يىمەك بولىدىغان تىرىم لەرنى ئۈندۈردى .

(والجبال ارسيها ٣٢) وە ھەم تاغلەرنى الله تعالى يەرغە سابىت قىلىپ
مەھكەم ئۇرناتتى . يەئنى زىمىن ئۆز نىڭ ئىچىدىكى قوزغالادورغان ماددە
لەرنىڭ قوزغالماقى بىرلە تىنماي ھەركەتلەنىب ئۇستىدىن ساكىن لەرنىڭ
ئارام مەئىشەتىغە خەلەل يەتمەسۇن دەپ ئاندا تاغلەرنى سابىت وە بەرقارار قىلدى .

(متاعاً لكم ولانعامكم ٣٣) ئۇشبو ئىشلەرنى قىلدى يەئنى يەرنى
يايىپ سولەرنى چىقاردى وە تېرىملەرنى ئۈندۈردى، سىزلەر
نىڭ وە چاروا ھايوانلەرىڭىز نىڭ پايدا ئالماقى ئۈچۈن. بىلگىل كە
الله سبحانه نىڭ ئاسمان وە زېمىن نىڭ قايداغ كە ييسەت
بىلەن ياراتقانلەرىنى بايان قىلماقى بندەلەر نىڭ ئېنىڭ ئىلە
الله تعالى نىڭ ئۆلگەنلەرنى ئىككىنچى ياراتلماقىغە قادر ئىكەنىغە
ئىستدلال قىلماق ئۈچۈن دور. بو ئەمرىنى تەقدىر ئېتىپ قيامة
نىڭ ئەقلەن مومكىن ئىكەنىنى بەيان قىلغاچ موندىن سوڭرە -
قيامەت نىڭ بولوشى دىن خەبەر بېرىپ ئەيتدور :
(فاذا جاءت الطامة الكبرى ٣٤) ئەگەر ھەممە ھادىسە وە مو -
سىبەتلەردىن ئۈستون بولغان طامە ئۇلوغ ھادسە كەلسە
يەنى قيامەت كونى بولسا.
(يوم يتذكر الانسان ماسعى ٣٥) ئول كونى ئىنسان بو دونيا دە قىلغان
ھەر قايداغ ئىشىنى يادىغە كەلتورە دور. يەئنى خاھ ياخشى
خاھ يامانلىق ھەرنەچوك ئەمەلكە قىلغان بولسا ئۆلكوندە ئېنى
سەھىپە ئەئمالدە پوتولگەن كوروپ قىلمىشىنى يادىغە كەل
تورە دور.
(وبرزت الجحيم لمن يرى ٣٦) ئول كونى كوز بار كورە دورغان ھەر كىشى
غە، دەوزەخ ئاشكارا قىلىنور.
(فاما من طغى ٣٧ وآثر الحيوة الدنيا ٣٨ فان الجحيم هى الماوى ٣٩)
ئەمما كىشىكە شەرىئەت تەئيين قىلغان ھودودتىن ئۆتۈپ نابەر
مانلىق قىلسا وە دونيا فانى تىرىيكلىكى لەززەتلەرىنى ئاخىرەت
ساوابى ئۈزرە ياخشى ئەلەپ ئىختىيار قىلسا بىتە ھەقىق دەو
زەخ مەئهود دور. ئەلبەتتە ئول سوبەتلىك كىشى نىڭ مأوسى
يەئنى ئاتداغ كىشى نىڭ قايتادورغان وە ئولتورادورغان جايى دەوزەخ دور.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شۇڭا ئاللا سۇبھانە مۇئمىن بەندىلەرنىڭ ھالىنى زىكرى قىلىپ ئەيتتى.

(واما من خاف مقام ربه ونهى النفس عن الهوى (40) فان الجنة هى المأوى (41)) ۋە ئەمما كىشىكى پەرۋەردىگارى ئالدىدا ھېساب ئۈچۈن تۇرماقدىن قورقسا يەكى ئاللا تائالا نىڭ ئەزەمەتىدىن قورقسا ۋە كۆڭلىنى خاھىش باتىلەدىن توساپ ئارزۇيىنە پەسغە تابى ئولماقدىن ئۆزىنى تارتسا جەننەت ئاخىرەتدە ئاندەغ كىشىنىڭ قارار قىلادورغان ئۆيىدور.

(يسئلونك عن الساعة ايان مرسها (42)) ئى مۇھەممەد (ص) ئول مۇشرىكلەر سەندىن سورايدۇرلەر قىيامەت قاچان بولادۇر دەيدۇرلەر.

(فيم انت من ذكرها (43)) سەن قىيامەتنىڭ ۋەقتىنى ئۇلارغە بايان قىلماقدىن ھېچ بىر نەرسەدە ئەمەسسەن. قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى بىلمەك سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەسدور چۈنكە ئۇنىڭ ئىلمى ئاللا تائالانىڭ ئۆزىگە مەخسۇسدور. ئادەملەر ئۇنى سەندىن سوراماسۇنلەر

(الى ربك منتهيها (44)) ئى مۇھەممەد (ص) ئول قىيامەتنىڭ ئىلمىنىڭ ئىنتىھاسى رەببىڭغە گىنەدور. ئاندىن باشقا كىشى قىيامەتنىڭ قايىم بولادورغان ۋەقتىنى بىلمەيدور،

(انما انت منذر من يخشيها (45)) لاكىن سەن ئول قىيامەتدىن قورقادورغان كىشىلەرگە غىنە ئەنذار قىلغۇچىدورسەن. يەئنى سېنىڭ ئىشىڭ قىيامەتنىڭ يېقىن ئىكەنىنى ۋە ئاندە بولادورغان ھەر قايداغ ئەھۋال دەھشەتلىنى بايان قىلماقدور. ئېنىڭ ۋەقتىنى تايىن قىلماق ئىشىڭ ئەمەسدور. شۇكرە: ئاللا سۇبھانە رسول اللهنىڭ پەقەت قىيامەت ۋەئۇنىڭ شىددەتىدىن قورقاتماق ئۈچۈن ئىبەرىلگەن بولغانلىغىنى بايان قىلغاندىن كىين قىيامەتنىڭ شىددەتىنى بايان قىلىپ دەيدۇركە:

(كانهم يوم يرونها لم يلبثوا الا عشية او ضحيها (46)) گويا ئول كافىرلەر قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە (قوپقان كۈندە) ئۇلار دۇنيادا تۇرمادىلەر مەگەر كۈندۈزنىڭ كەچتەرەپىدە ياكە كۈندۈزنىڭ ئەۋۋەلى تەرەپىدە غىنە تۇردىلەر. يەئنى دۇنيادا تامام بىر كۈن تۇرمىغاندەك ئۆزلەرىنى چاغلايدۇر.

## 80 - سورة عبس مكه ده نازل ئولمش
## آيت له ری 42 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

محدث له ر وه ئه هل سير له ر رەوايەت قيلىپ دورله ر كه، بر وه قتى قوره يش چوڭ له ريدن « عتبه وه شيبه وه ئه بوجهل وه امية بن خلف وه وليد بن المغيره كه بى له ر »، رسول الله نڭ حضوربغه كه لگه ن ئدى. بوكىشى له ر قوره يش نڭ چوڭ له رى بولغان ئۈچون بو له ر ئسلامغه داخيل بولسا له ر باشقا ئادەم له ر هه م بوله رغه موتابەئەت ئه يله پ ئسلامغه داخل بولورله ر ديگه ن خيال ئيله رسول الله بوكىشى له رنى ئسلام غه ده ئۈه ت قيلماقغه ئهتمام ئيله مه شغول ئدى، شوبو وه قت ده « عبد الله ابن ام مكتوم »، رسول الله نڭ تماشيغه كير دى. كوزى كور ميگه ن جه هتيدن رسول الله نڭ بر ئۈلوغ ئه مر بغه مه شغول ئكه نينى بلمه ى يارسول الله، الله تعالى سانكا بيلد ورگه نه رسه له ر دن مانكا ته ئليم ئه ت ده پ كوپ سوراپ تور دى. رسول الله قوره يش ئاكابيرله رى نڭ ئمانغه كه لمه كله رينى ئۈميد قيليپ ئولتورغان لقيدن مه جلسنى بوزماى خالىماى يوزينى تور دى وه عبد الله ابن ام مكتوم رض دن يوزىنى ئۆر ودى. بو باربده ئۇل حضرت پيغمبر عليه السلام غه عتاب نامه بو آيت له رنازل بولدى. بو آيت له رنوز بلمدن سوڭ هه زره تى رسول الله هه رقاچان عبد الله نى كورسه مرحبا (مه رهه به ن) كه لگيل سه ن ئاندا غ كىشى دورسه نكه سينڭ ئۈچون ره ببڭ مانكا ئيتاب قيلغانده پ چاپان شه رىينى ئانكا سيلىپ بر يپ ئانكا كوب هورمه ت كوستور ئدى.

(عبس وتولى (١) ان جاءه الاعمى (٢)) پەيغەمبەر ع چىرايىنى تۈرۈتتى ۋە يۈز ئۆيۈردى ئاتما (عبدالله ابن مكتوم رض) قارىغۇ كەلگەنى ئۈچۈن.

(وما يدريك لعله يزكى (٣)) ھېچ نەرسەنى ئاڭقىلمايدۇر. مۇھەققەق دۇركە ئۇل قارىغۇ كىشى سەندىن ئىستىفادە ۋە تەئلىم قىلغان ئەھكام دىنىيەلەرنى ئەمەلغە كەلتۈرمەك ئىلە گۇناھ ئارالىشىدىن پاك بولۇر.

(او يذكر فتنفعه الذكرى (٤)) ئۇل قارىغۇ سېنىڭ ئىرشادىڭ ئىلە پەندگىر (نەسىھەتچى) ئۇلۇر ۋە سېنىڭ ئوقۇغان ئايەتىڭ ئاڭا پايدا بېرۇر.

(اما من استغنى (٥) فانت له تصدى (٦)) اما كىشىكە ئىماندىن ۋە سېنىڭدەكى ئىلىم ۋە ئىرفاندىن پايدا ئىلىشتىن بايلىق قىلدى. سەن ئۇل كىشىكە يۈز كەلتۈرۈپ ھەرىسلىق بىرلە ئىنىڭ ئىرشاد ۋە ھىدايەتىغە ئىھتىمام كۆرگۈزۈرسەن.

(وما عليك الا يزكى (٧)) ۋە ئۇل بايلىقى بىرلە ھىدايەتدىن بىنىيازلىق كۆرگۈزگەن كافىر ھىدايەت تېپىپ پاك بولماغانلىقىدا ساڭا نىمە زەرەرى بار.

(واما من جاءك يسعى (٨) وهو يخشى (٩) فانت عنه تلهى (١٠)) واما بىر كىشىكە ئىرشاد تەلەبىدە شىتاپ قىلىپ ساڭا كېلىدۇر. ھال بۇكە ئۇل كىشى الله تعالىدىن قورقۇدۇر. سەن ئۇل كىشىدىن يۈز ئۆيۈرسەن.

بۇ سورەء شەرىفەدە بايان قىلىنغان قارىغۇنىڭ ھىكايەسى زاھىردە ئەھمىيەتسىز بىر نەرسەكە بى كۆرۈلسىمۇ، كېيىن بۇنىڭ بارەسىدە رسول الله جنابىغە ئىتاب نامە خىتاب نازىل ئۇلماقى بۇ ھادىسە غايەتدە مۇھىم بىر مەسئەلە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەدۇر.

بىرىنچىدىن: مۇقەددەس ئىسلامدە ھەققانىيەتجوي خالىس ئەھلى ئىمان ئۇلمىش كىشىلەرنىڭ جانىبى رەئايە قىلىنماق.

خوسوسه ن انظار عامّه ده مه قير سانالغان زه ئيپ له رجانبى
نى ره ئايه قيلماق اهم امور ئىكه نىنى اراده ئه يلىمه ك .
ئىككىنچى : ر سول الله غه ته ره پى ئىلاههدين وه هيى قىلىنغان قرانىنى
پيغمبر ئه كرم ص نىڭ ئۆز ته ره پىدىن چىقارغان بىر كه لام ئىدى مو ؟
يائىسه بىر مه نبه ءِ خارجى دىن ته لقى قىلىنغان بىر وه هيى ئىدىمو ؟
قايداغ بىر نه ر سه ئىكه نىنى قران ئايه تله رى ئابار پىسىده شوب
هه قيلغوچى غه يرى دين له رغه بىلدوروپ وه هيى ئىلاهى نىڭ
ماهىيه تىنى ئىزهار ئه يلىمه كدور . بو قارىغو نازه سىبيده رسول
ئه كره م غه وارىد ئولمىش بوخىتاب ، وه هيى قورئانى ئىنىڭ
هه زره تى ره سول ئه كره م نىڭ ئه سه رى ئىمه سلىكىغه قه تئى
بىر ده لىل كورسه تمه كده دور . بىر ئىنسان ئۆز بيدىن بائىس
نادامه ت بولغو ده ك بىر ئىش سادىر ئولسا ، شه ك يوقكى ئه نى
ئۆمومى خه لقغه مه شهور ئولماقىنى ئىستىمه س . لېكىن هه ز
ره ت ره سول ئه كره م ص ئۆز جبينا بىغه ئائىد بولغان بىر هه ركه ت
سود ورينى هيچ ته ره ددوت سىز ئۆموم غه بايان ئه تمىش بولسا
بى شوبهه ئايات قورئانيه نىڭ ته ره پىق دين وه هيى قىلىنغان
لىقىنى ئىراده ئىته دور .
(كلآ انها تذكرة ۝١١ فمن شاء ذكره ۝١٢) ئۇل قران كه رىم نىڭ ئايه تله رى
ئۇلوغ مه وزو ئه دور . كه ئىنىڭ ئىله په ندگىر ئولوپ موجىبىنچه ئه مه ل
قيلماق واجب دور . كىمكه خالسا ئۇل قورئان كه رىم نى يادغه ئالور
يه ئنى ئىنىڭ ئىله متعظ (عبرت من) ئولوب مه زمونىغه ئه مه ل قيلور
الله سبحانه قران كريم نى وه سپ قيليپ ديد بكه : ئۇل قران
كريم تذكره دور . يه ئنى ئۆچوق ره وشه ن بىر مه و ئىزه دور .
ئۇل دربجىده ئائاشكارا وه زاهىركى ئه نى په هم ئه تمه كنى ئىراده
قيلغان وه ئىنىڭ ئىله په ند ئىلىپ مه زمونغه ئه مه ل قىلماقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خالىغان كىشى ئەلبەتتە قادىر بولۇر دەپ، سوڭرە ئۇنىڭ ۋەس-
پىدە دېدىكە:
(فى صحف مكرمة ۝١٣ مرفوعة مطهرة ۝١٤ بايدى سفرة ۝١٥ كرام بررة ۝١٦)
ئۇل تەزكىرە مۇناسىبەت دۇر ئانداق سەھىپەلەردەكە خۇدانىڭ
نەزەرىدە مۇكەررەم ۋە مۇھتەرەم ۋە قەدرى بەلەند ۋە خاتا نوق-
ساندىن پاك قىلىنغاندۇرلەر. ئۇل سەھىفەلەر خۇدانىڭ نەزە-
رىدە مۇكەررەم ۋە ئىتائەتلىك بولغان كاتىبلەر قوللەرىدە
بىز بىلگان دۇرلەر، عبد الله ابن عباس رضى الله عنهما دىن مەرۋى
دۇركە: «سفرة» ملائكه كاتىبلەر دىمەكدۇر.
بىلگىلكە الله تعالى قورەيش چوڭلەرىنىڭ پەقىر مۇسۇلمانلەر
ئۈزرە بولغان تەكەببۇرلەرىغە مۇشتەمەل قەسەسىنى ابتدا
قىلغاچ مۇئمىن بەندەلەرىنى ئۇلەرنىڭ بايلىقى دىن ئەجەبلەندۇ
رۇب دېيدىكە:
(قتل الانسان ما اكفره ۝١٧) لەئنەت قىلىنسۇن مەھۇرنى ئەجەب
كوفرە ئەفرات دە بولغوچى دۇر. ئۇل ياكى قايىسى نەرسە
ئۇل ئىنسان نى كوفرىغە ھەمل قىلادۇر.
(من اى شيء خلقه ۝١٨) الله تعالى ئۇل ئىنسان نى قايىسى نەرسەدىن
ياراتتى؟
(من نطفة خلقه فقدره ۝١٩) ئۇل ئىنسان نى سۇيدىن يارتتىب ئۈزىغە
مۇناسىپ ئەزا ۋە اشكالغە مۇھەييا قىلدى ۋە ئىنسنىڭ ئەزاسى
دىن ھەر بىر ئەسوانىڭ مصلحتىغە لايىق ئەندازە ئۈزرە مۇ-
كەممىيەت ۋە كەيفىيەت بىرلە تەقدىر ئەتتى.
(ثم السبيل يسره ۝٢٠) سوڭرە الله تعالى يولنى ئاسان قىلدى. قوله تعالى
السبيل، تەۋىلىدە مۇپەسسىرلەر بىرىچە سۆزلەر بايان قىلىبدۇر
تولاراقى مۇپەسسىرلەر رەھم (رحم) دىن چىقماق يولىنى آسان

قىلدى دەپ تەئۋىل قىلىپ دورلەر

(ثم اماته فاقبره ۝٢١ ثم اذا شاء انشره ۝٢٢) سوڭرە الله تعالى ئىنساننى ئەجەل قىسمەتى يەتكەن چاغدا ئۆلتۈردى وە ئۇنى قەبرگە كۆممەك غە ئەمرى قىلدى. سوڭرە الله تعالى خالىغان وەقتىدە ئۇنى قەبردىن قوپۇرادور.

(كلا لما يقض ما امره ۝٢٣) ئۇل كافىر موتەكەببىر ئايىن تەكەببۇردىن وە ئاڭا ئىنكار توحيد وە بعث ئەيلەكى دىن يانسون الله تعالى نىڭ ئاڭا ئەمرى قىلغان نەرسەسىنى ئادا قىلمىدى الله سبحانه نىڭ ئا قىلغان ئەمرى بولسا بحكم نص تنزيل تەكەببۇر وە كوفرنى تەرك ئەتمەك وە دلائل توحيدغە تأمل وە ئاجايىب مەسنۇئاتغە تەدبىر ئەيلەب ئىمان كەلتۈرمەك وە بعث وە-ھەشرى وە نەشرغە ئىقرار ئەيلەمەك ئىدى. ئۇل كافر موتەكەببىر ھونوز بو ئەمرنى ئادا قىلمىدى رىمەكدور.

(فلينظر الانسان الى طعامه ۝٢٤) ئىنسان نەزەر ئىسمارى ئىلە ئۆزىنىڭ تىرىكلىكىغە قوام بولغان ئاشلىقىغە قارىسون.

بىلگىل كىم: تىرىم ئىينىق ئاسماندىن زىمىن غە نازىل بولوب تۈشكەن يامغوردىن ھاسىل بولىدو. ئاسمان ئەركەكدور زىمىن خاتۇندور يەئنى ئىنسان نىڭ زاتى ئەركىشى نىڭ مەنىسى خاتۇننىڭ رەھمىغە (بەچچەدانىغە) تۈشمەك سەبى ئىلە بولغاندەك، ئىنسان نىڭ يەمەكى ھەم ئىينىق ئاسماندىن زىمىن غە سونىڭ تۈشمەكى ئىلە بولىدو.

(انا صببنا الماء صبا ۝٢٥) بو ئىشقە قارىسون كىم تەھقىق بولوتدىن سونى بىز قاتتىغ تۆكمەك ئىلە تۆكتۈك، «صببنا الماء» دىن مىراد يامغوردور.

(ثم شققنا الارض شقا ۝٢٦) سوڭرە بىر شق بديع (بەدىئ) مونا سىب ئىلە - - - - - - - - - - - - - - - -

زېمىننى ياردۇق. ئىمام رازى ئېيتىدۇر: مۇراد زېمىننى نەبات بىرلە يارماق دۇر. شۇڭا الله تعالى تېرىملەردىن سەككىز خىلىنى زىكرى قىلدى. بىرىنچىسى دان دۇر. وە ئاڭا ئىشارەت ئەيلەپ دېدىكە:

(فانبتنا فيها حبا ۝ وعنبا وقضبا ۝) شۇنىڭ ئىلە بىز ئول زېمىندە ئۈندۈردۇك. «حبا» يەئنى دانەلەرنى، بۇغداي، ئارپا وە قوناققە ئوخشاش. «وعنبا» وە ئۈزۈمنى. دانەدىن سوڭرە ئۈزۈمنى زىكرى قىلماقى ئىنىڭ ئۈچۈن دۇركى، ئۈزۈم بىر وەجھىدىن غىزا وە بىر وەجھىدىن مېۋە دۇر. «وقضبا» ئوراپ ياكى كېسىپ ئالادۇرغان يېمەكلەردىن قوغۇن وە تاۋۇز، پىشتىنگان كەبى نەرسەلەرنى ئۈندۈردۇك.

(وزيتونا ونخلا ۝) زەيتۇن دەرەخلەرىنى وە خورما دەرەخلەرىنى ئۈندۈردۇك.

(وحدائق غلبا ۝) وە دەرەخلەرى تولا وە بەلەند (ئېگىز) وە شاخلەرى تولالىقىدىن بىر-بىرىگە كىرىشگەن باغلەرنى ئۈندۈردۇك،

(وفاكهة وابا ۝) وە ھەم ئول زېمىندە ھەر تۈرلۈك تېر وە تازە مېۋەلەرنى وە چارۋا ئوتلايدىغان ئوتلاقلەرنى ئۈندۈردۇك.

(متاعا لكم ولانعامكم ۝) الله سبحانه بۇ خىل نەرسەلەرنى سىز ئىنسانلەرنى وە ھايۋانلەرىڭىزنى پايدىلاندۇرماق ئۈچۈن ياراتتى.

ئىمام رازى رەھمەتۇللا ئېيتادۇر، بىلگىلكە الله تعالى ئۇشبۇ نەرسەلەرنى زىكرى قىلدى، ھالبۇكى مۇنى زىكرى ئەتمەكتىن مەقسۇد ئۈچ ئىش ئىبەردى.

بىرىنچى: الله تعالى نىڭ تەۋھىدىگە دەلالەت قىلادۇرغان دەلىللەر.

ئىككىنچى: الله سبحانه نىڭ قىيترۇب ياراتماقىغە قادىر ئىكەنلىكىگە دەلالەت قىلىدىغان دەلىللەر،

ئۈچىنچى بەندەلەرىگە مۇندا ئۇلۇغ نېئمەتلەرنى ئېھسان قىلغان

خوداغە كوفرانە نىئمەت بىر لە موقابىلە ئەيلەپ ئىنسنىڭ لائەنەتىدىن باشقە چەكمەكنىڭ وە خەلقىغە تەكەببور كورگوزمەكنىڭ بەندەلەرغە ئەسلا لايىق ئەمەسلىكىنى بىلدورمەك .

موندىن كىيىن ئوشبو مەقسودلەرنى تاكىد قىلىب ورغان بىر سوزنى بايان قىلدىكى ئول سوز مونە كىم قىيامەت قورقونچى لەرىنىڭ شەرھىدور

(فاذا جاءت الصاخة ○) ھەرقاچان قاتتىغ ئاواز بىر لە قولاقلەرنى تەز قىلغوچى ئولوغ ئوئن كەلسە ھەركىشى ئوز نەپسىغە مەشغولدور

(يوم يفر المرء من اخيه ○ وامه وابيه ○ وصاحبته وبنيه ○) ئول ئولوغ ھادىسە ئانداغ كوندە كىيلوركى ئاندە كىشى ئوز بىنىنىڭ بىر توققانلەرىدىن وە ئانىسىدىن وە ئاتىسىدىن وە خاتونىدىن وە ئوغوللەرىدىن قاچار .

سوڭرە الله تعالى ئىنساننىڭ قىيامەت كونى توققانلەرىدىن قاچماغلىقى نىڭ سەبەبىنى بايان قىلىب دىديكە ؛

(لِكُلِّ امْرِىءٍ مِنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ ○) ئول ئادەملەردىن ھەربىرى نىڭ ئوشول قىيامەت كوندە بىر كوندە ئىھتىمام لىك ئىشى باردوركە ئول ئىش ئاڭا تەييار وە باشقە كىشىغە يارى بەرمەكدىن ئەنى ئوزنىڭ غەمى مشغول قىليدور .

سوڭرە الله سبحانه قىيامەت ئەھوالىنى بوتون قورقونچى وە دەھشەت دە بولوشىنى وەسف قىلغاچ عاقل بالىغ لەرنىڭ ئاندە ئىككى قىسمىغە بەخت وسائادەت وە يا بەدبەخت وە شاقاوەت زومرەسى بولماقى نى بايان قىلدى، بەخت وسائادەت زومرەسىنى وەسف قىلىب ئىتادور:

(وجوه يومئذ مسفرة ○ ضاحكة مستبشرة ○) بىر مونچە يوزلەرىكى مؤمنلەرنىڭ يوزلەرى ، ئوشول تورتونچى لىق كوندە صوبحى دەك روشەن بولغوچى ، كولگوچى وە سويونچ وە خورسەندلىك كورگوچىدور

امّا : بەدبەخت شقاوەت زومرەسىنى وەسف قىلىب ئەيتادور

(وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ ○ تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ ○ أُولَئِكَ هُمُ الْكَفَرَةُ الْفَجَرَةُ ○)

بىر مۇنچە يۈزلەر يەئنى كافىرلەرنىڭ يۈزلەرى، ئۇل قىيامەت
كۈنىدە ئۈستىنى توپا قاپلاغاندۇر. ئۇل يۈزلەرنى قارىلىق ئۇراپ
ئالىدۇر. ئۇل يۈزلەرى توپا بىرلە قاپلانغان وە قارالىق بىرلە
ئۇرالغان گورۇھ، ئۇلەر دۇرلەر كافىرلەر وە پاجىرلەر يەئنى
الله تعالى عە ئىشەنمىگەن وە دىنلەر بارەسىدە ھېچ پاك توتماي
گوناھ وە مەئسىيەتنى ئىرتىكاپ ئەيلىگەن كىشىلەردۇر.

## 81 - سورة التكوير مكه دە نازىل ئۇلمىشى
## آيەتلەرى 29 دۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

بىلگىلكىم الله سبحانە يوقارىقى ئىككى سورەنىڭ خاتىمەسىدە
طامە وصاخەنى ذىكرى قىلغاچ، ئۇل ئىككى سىننىڭ ئارقاسىدىن
قىيامەت ئىشارەتلەرىغە وە جازا كۈنىنىڭ ئالامەتلەرىغە -
مۇشتەمىل بولغان ئىككى سورەنى توشۇردى. ئەمما ئۇشبو
سورەدە ئۇن ئىككى نەرسەنى ذىكرى قىلدى. وە دىدىكە:
ئۇشبو ئۇن ئىككى نەرسە واقى بولغاندا ھەر نەپس ئۆزى-
نىڭ قىيامەت كۈنى ئۇچۇن نىمە ھازىر قىلغانىنى بىلىدۇر
دەپ ئۇل ئۇن ئىككى نەرسەنىڭ ئەۋۋەلى؛
(اذا الشمس كورت ۱) ھەر قاچان قوياشنىڭ نۇرى كە تكوزو-
لسە يا قوياش يەلەكىدىن توشورولسە.
(واذا النجوم انكدرت ۲) ھەر قاچان يولدوزلەر تىزلىك بىرلە
توكولسە.
(واذا الجبال سيرت ۳) ھەر قاچان تاغلەر جايلەرىدىن قوزغاتىلسا

(واذا العشار عطلت ٤) وه هه‌ر قاچان هه‌مه‌لى ئۇن ئايلىق بولوب بالا-
توغوشى ئۇمىد تامام ئىله‌كو توپ تورغان بوغاز بوه‌له‌ر هېچ ئىتبارسىز تاشلانسا.
(واذا الوحوش حشرت ٥) وه هه‌ر قاچان وه‌هشى هايوانله‌ر جه‌مئى قىلىنسه،
(واذا البحار سجرت ٦) وه هه‌ر قاچان ده‌ريا‌له‌ر توشقارىلسا، يه‌ئنى يه‌ر
زىلزىله بولوپ تاغله‌ر يه‌ر ئۇستىدىن قوپارىلسا، دېڭىزله‌ر ئارىسىغه
هه‌م زىلزىله كىرىپ به‌زىسى - به‌زىسى بىرله قوشولوپ هه‌ممه‌سى
بىر غىنه دېڭىز بولسا،
(واذا النفوس زوجت ٧) وه هه‌ر قاچان جانله‌ر ته‌نله‌رى بىرله جوپلاندو-
رولسا.
(واذا الموءدة سئلت ٨ باى ذنب قتلت ٩) وه هه‌ر قاچان مو‌ئده يه‌ئنى
تىرىك هالىچه يه‌رگه كوموله‌گه‌ن قىز باله‌له‌ر سورالسه قايسى بىر گوناه
سه‌به‌بى ئىله ئۇل ئۇلدورولدى دېپ
(واذا الصحف نشرت ١٠) وه هه‌ر قاچان ئه‌مه‌ل ده‌پته‌رله‌ر ئاچىلسا.
يه‌ئنى به‌نده نىڭ دونياده قىلغان هه‌ر نه ئه‌مه‌لله‌رىنى فرىشته‌له‌ر يازا
دور. به‌نده ئۇلگه‌ن وه‌قتىده ئۇل ده‌پته‌رله‌ر ئورولادور.
(واذا السماء كشطت ١١) وه هه‌ر قاچان ئاسمان نىڭ يوزىدىن په‌رده
ئاچىلسا. يه‌ئنى ئه‌جرام ئۇلويه له‌ر يوق قىلىنىپ، ئاله‌م ئولووى
نىڭ يوزى ئېچىلسا وه په‌رده‌نىڭ ئارقه‌سىده‌كى جه‌ننه‌ت وه عه‌رشى
كه‌بى نه‌رسه‌له‌ر ئاشكارا بولسا.
(واذا الجحيم سعرت ١٢) وه هه‌ر قاچان كافرله‌ر ئۇچۇن ده‌وزه‌خ تولا-
تاتىغ قىزىتىلسا.
(واذا الجنة ازلفت ١٣) وه هه‌ر قاچان مشرىك وگوناهله‌ردىن په‌رهىز قىلغوچى-
له‌ر ئۇچۇن جه‌ننه‌ت يېقىن قىلىنسا. ئۇشبو ئالامه‌تله‌ر بولغان چاغدا،
(عَلِمَتْ نفسٌ ما احضرت ١٤) هه‌ر نه‌پس ئۇزى نىڭ قىيامه‌ت ئۇچون
هازىر قىلغان نه‌رسه‌سىنى بىله دور. «ما احضرت» دىن مراد كوكول

نىڭ خاھ ياخشىلىق خاھ يامانلىق دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىدۇر.

سۈرە الله تعالى بۇ ئايەتلەر بىلەن دۇنيانىڭ بولۇشىدىن ئىلگىرى ۋە ئۇندىن كېيىن قىيامەت بولۇشىنىڭ ئىپتىدالەرىدە بولادۇرغان نەرسەلەرنى بايان قىلغاندىن سوڭ قەسەم قىلدىكى:

(فلا أقسم بالخنس ﴿١٥﴾ الجوار الكنس ﴿١٦﴾ قەسەم قىلىمەن ئارقاسىغە يانغۇچى يۇلدۇزلەر يەئنى كېچەسى يۈرۈپ قىلىبغاننى كۈندۈزى قوياشتىن يو ق بولغان يۇلدۇزلەر ۋە ئاي قوياش بىرلە ھەرىكەت قىلىدىغان يۇلدۇزلەر.

(والليل إذا عسعس ﴿١٧﴾ والصبح إذا تنفس ﴿١٨﴾) ۋە قەسەم قىلىمەن كېچە بىلەن ھەر قاچان ئىنىڭ قاراڭغۇلىقى ئارقەسىغە يانسا. ۋە قەسەم قىلىمەن سوبھى بىلەن ھەر قاچان ئۇل سوبھى دەم ئۇرسا. الله سبحانه موقسم بها نىڭ بايانىنى قىلغاندىن كېيىن ئارتاسىدىن موقسم ئەلەيھ نىڭ زىكرىنى قىلىپ ئەيتادۇر:

(إنه لقول رسول كريم ﴿١٩﴾) تەھقىق ئۇل قۇرئان پەرۋەردىگارى تاشىدا ھۆرمەتلىك بىر رەسۇل نىڭ سۆزىدۇر. يەئنى جبرئيل نىڭ الله تعالى تەرەپىدىن كەلتۈرگەن سۆزىدۇر. چۈنكە قۇران الله تعالى نىڭ سۆزى بولۇپ ئۇنى رسول الله عم غە كەلتۈرگەن ئەلچى جبرئيل عليه السلام دۇر.

(ذي قوة عند ذي العرش مكين ﴿٢٠﴾) ئۇل ئەلچى ئۇلۇغ قۇۋۋەتكە ئىگەدۇر. ۋە ئەرش نىڭ ئىگىسى نىڭ قېشىدە ئۇلۇغ مەرتىبەلىك دۇر.

(مُطاعٍ ثَمَّ أمين ﴿٢١﴾) پەرىشتە موقەررەبىن ئىچىدە سۆزى ئۆتكۈر دۇر. ۋە ھەم ۋەھيى ئەسرارىغە ئەمىن دۇر.

سۈرە الله سبحانه مرسل إليه نى يەئنى محمد صلى الله عليه وسلم نى دۈشمەنلەرى دېگەن تۆھمەت (تۆھمەت) سۆزدىن پاك ئەيلەپ دېدىكە:

(وما صاحبكم بمجنون ﴿٢٢﴾) يې قۇرەيش كافىرلەرى سىزلەرنىڭ دوستىڭىز-

مۇھەممەد عليه السلام ساراڭ ئەمەس دۇر. قۇرەيش مۇشرىكلەرى رسول الله قىيامەت خەبەرىنى بايان قىلغاندىن رسول اللهنى مەجنۇن يەئنى ساراڭ دەر ئېردىلەر. مۇشرىكلەرنىڭ ئۇشبۇ سۆزلەرىنى رەد ئەتمەك ئۈچۈن الله تعالى قەسەم بىرلە رسول اللهدىن ساراڭلىقنى نەفى ئەتتى.

(ولقد راه بالأفق المبين ۲۳) تەھقىق دوستىڭىز مۇھەممەد ئۇل جبرئىلنى ئاچۇق روشەن كىنارە اعلى (ئەئلا) سىدە يەئنى قۇياش چىققادۇرغان تەرەپىدە كۆردى.

(وما هو على الغيب بضنين ۲۴) ئۇل دوستىڭىز مۇھەممەد غەيبغە يەئنى الله تعالى دىن ئۇزىغە وەھيى قىلىنغان يەتكۇزمەكتە ھېچ بخيل ئەمەس دۇر. وەھيىنى غەيب دېمەك ئېنىڭ ئۈچۈن دۇركى، ئېنىڭدا ھەقىقەتىنى وەھيى قىلىنغان زاتدىن باشقا ھېچ بىر بەندە بەشەر ئۇقمايدۇر. «وما هو» دېگى ضمير دىن مراد اتفاق موفەسسىرىن ئىلە محمد صلى الله عليه و سلم دۇر. «الغيب» دىن مراد قوران كريم دۇر.

(وما هو بقول شيطن رجيم ۲۵) وەھەم دوستىڭىز مۇھەممەدكە تۇشۇرگەن قورئان شەيتاننىڭ سۆزى ئېمەس دۇر. يەئنى شەيتان رەجيمتەلىم قىلغان سۆز ئېمەس.

(فأين تذهبون ۲۶) ئى كافىرلەر قوران كۆرسەتكەن يولنى تاشلاپ قەيەرگە بارسىزلەر. حال بۇكى ئۇشبۇ قورئان سىزلەرنى سائادەت ئۈيىغە يەتكۇزگۇچى ئىكەنىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەر ظاھىر بولدى وە ھەقلىق ھەر تەرەپتىن سىزلەرنى ئوراب ئالدى.

(ان هو الا ذكر للعلمين ۲۷) ئۇل قورئان جەمىئ ئالەم ئەھلىغە وەز وە ئىرشاد دىن باشقە بىر نەرسە ئېمەس دۇر. «عالمين» دىن مراد، ئەقل دالالەتى بىرلە ئىنسانلەر وە جىنلەر دۇر. چونكە ئۇلەر وەز وە ئىرشادغە موھتاج دۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(لمن شاء منكم ان يستقيم ۝٢٨) سيز ئىنسانلاردىن ھەق لىقدە وە
توغرى يولدە يورمەكنى ئىستەگان كىشى لەر ئۈچون ئۇل قورئان وەز
وە ئېرشاد دور.
(وما تشاؤن الا ان يشاء الله رب العلمين ۝٢٩) يې ئېنسانلار ئىستقا
مەتنى وە توغرى يولدە بولماقنى خاھليماس سىز لەر مەگەر الله-
تعالى بارچە دونيانىڭ ئېگىسى وە تەربيەت قيلغوچى سىزلەر
نىڭ ئىستقامەتينى خاھليغان بولسا.

## 82- سورة الانفطار مكه دە نازىل ئۇلمش.
## آيت لەرى 19 دور.

بسم الله الرحمن الرحيم

(اذا السماء انفطرت ۝١) ھەرقاچان ئاسمانلار يار يلسا. يەئنى ئا-
سمان نىڭ ھازىردە جارى بولاپ تورغان نېزامى بوزولسا.
(واذا الكواكب انتثرت ۝٢) وە ھەرقاچان يولدوزلەر چاچيلىب توكولسە،
(واذا البحار فجرت ۝٣) وە ھەرقاچان دەريالە ئاقتولسا. يەئنى زىمىن
زىلزىلەغە كېلىپ ياريلماقى ئىلە بىر دەريا بولسا، ياكى دەريالەر
نىڭ سويى ئېقىشلىب يوق بولوپ ئۇرنى قوروق بولسا.
(واذا القبور بعثرت ۝٤) وە ھەرقاچان گورلەرنىڭ توپراقلەرى ئاستى-
ئۇستىغە ئۆيرولوپ ئۇلوك لەرى تاشقارى چىقاريلسا. ئۇشبو ئالا
مات لەر واقىع بولغاندا،
(علمت نفس ما قدمت واخرت ۝٥) ھەربىر كىشى ئۇزىنىڭ ياخشى
وە يامان ئەمەللەرى دىن نىمەنى ئىلگىرى ئىبەرگىنىنى وە نىمەنى
كىيىن قالدورغانىنى بىلور.

(يا ايها الانسان ما غرك بربك الكريم ٦) ئى ئىنسان كريم بىرله وصف قىلىنغان
يەئنى زاتىدە وە سوفاتىدە هەر قايداغ ئەيب وە نوقساندىن پاك بولغان
پەروەردىگارىڭغە ئاسى بولماقىڭغە نىمە نەرسە سىنى مەغرور قىلدى.
(الذى خلقك فسويك فعدلك ٧) ئانداغ خداي كريم نىڭكە سىنى ئول
يوقدىن بار قىلدى سىنىڭ ئەزالەرىڭنى خىلقەتدە ساغلام قىلدى
وە نىمە ئوچون يارا تىلغان بولساڭ ئوزىنىڭ مەنافەئىغە ئامادە وە
موهەييا قىلدى. وە تىنىڭدىكى ئەزالەرىڭنى بىر-بىرىغە بارابەر
ۋە موناسىب زىبا قىلدى.
(فى اى صورة ما شاء ركبك ٨) الله كريم ئىرادە قىلغان قايداغ بىر
سورەت ئەجسەدە سىنى پەيدا ئەتتى. يەئنى ربّىڭ سىنى هەمە
سورەتلەرنىڭ ئەجەب راقى وە ئاخىرەتدە ئەبەدى قالماق غە
دالالەت قىلغوچى راقى بولغان سورەتدە ياراتتى.
شوكرە الله سبحانه سىزلەرنى ئول غەدورلىقدىن زەجرە ئەيلەب
ئەيتادور.
(كلا بل تكذبون بالدين ٩) ئى ئىنسانلەر اللەنىڭ كرمىغە مەغرور
ئولماقدىن وە مەغرورلوق ئىلە گوناهكار بولماقدىن يىنىڭلەر.
هالبوكى سىزلەر مەغرورلىقدىن يانماس سىزلەر، بەلكى موندىن
ئولوغراق (زىكاتتاراق) گوناهغە جورئەت كىلگوزوب (يەئنى جورئەت قىلىب
جازا وە هىسابنى تەكزىب قىلور سىزلەر، بەندەلەرنى كوفرى وە
گوناغە ئەسرار ئەيلەمەكدىن وە قىيامەتغە ئىنكار قىلماقدىن ياندور
ماق ئوچون ئەيتادوركە:
(وان عليكم لحفظين ١٠) سىزلەرنىڭ ئوستىڭىزدە سىزلەرنى ساقلغوچى فرشتەلەر
(كراما كاتبين ١١) الله تعالى نىڭ قىشىدا هورمەتلىك فرشتەلەر سىزلەرنىڭ
قىلغان ئەمەللەرىڭىزنى يازغوچىدور.
(يعلمون ما تفعلون ١٢) ئول فرشتەلەر سىز بەندەلەرغە نىمە ئىش

قلسيكنزله ر ئوله رني بيليد ور .

(ان الابرار لفي نعيم ۝١٣) ياخشى ئشله رنى قيلغوچي به نده له ر. يه ئنى خدا
(خودا) نىڭ ئه مرنى توتوپ هه رخيل ياخشى ئه مه ل قيلغوچي ئه هل
ساواپ له ر - نيئمه تله ر جايى بولغان جه ننه تده دور له ر .
(وان الفجار لفي جحيم ۝١٤) يمان ئشله رنى قيلغوچي به نده له ر يه ئنى
خودا نىڭ ئه مريغه موخالىپه ت ئه يله پ باتىل ئشله رنى قيلغوچي
موسته هيق ئازابله ر - ئازاب جايى بولغان دوزه خده دور .
(يصلونها يوم الدين ۝١٥) ئول پاجىرله ر قيياماه ت كونده ئول دوزه خ نىڭ
ئوتىنىڭ ئشده تدىن زه خمه ت وه ئه له م چيكه دور .
(وما هم عنها بغائبين ۝١٦) ئول پاجىرله ر ئول دوزه ختين هيچ بىر زامان
ئايريلغوچي ئه مه س دور . هه ميشه ئانده ئازاب قيلنىپ تورورله ر .
(وما ادريك ما يوم الدين ۝١٧) وه قيياماه ت كونى نىڭ يامان قاتتىغ بىرهادى
سه ده وه قايداغ بىر ئه جيب نه رسه ئيكه نىنى سانا كيم بىلدوردى .
(ثم ما ادريك ما يوم الدين ۝١٨) سوكره قيياماه ت كونى نىڭ نه مه ر
تىبه ده قاتتىغ قورقونچلوق ئيكه نيني سانا كيم بيلدوردى .
(يوم لا تملك نفس لنفس شيئا ط والامر يومئذ لله ۝١٩) قيياماه ت
كونى ئانداغ بىر كون دور كه هيچ بىر كشى يه نه بىر كشيغه ياردهم
به رمه كغه پايده يه تكوزمه كغه ئيگه بولمايدور . وه هه ممه
ئش يه ئنى به نده له ر ئاراسىده هوكمه «حكم» قيلماق ئول كونده
الله تعالى غه خاص دور .

83-سورة المطففين مكه ده نازل ئولمشدر.

آيت له رى 36 دور.

بسم الله الرحمن الرحيم

(ويل للمطففين ١) نە ئۇلۇغ ھەسرەتدۇر وە ھەلاكەتدۇر وە نە
قاتتىغ ئازابدۇر ئۆلچەك وە تورۇزىدا خىيانەت قىلغۇچىلەرغە
الله سبحانە ئۇل ۋىجدانسىز خائىنلەرنىڭ زەمىغە لايىق ۋەيل
بىرلە دعاء قىلماققە موستەھەق ئىكەنلىكلەرىنى زاھىر قىلادۇرغان
سۆيەت قەبىھەلەرنى بايان قىلىپ ئەيتادۇر :
(الذين اذا اكتالوا على الناس يستوفون ٢ واذا كالوهم اووزنوهم
يخسرون ٣) ئانداغ ئۆلچامنى كامالاتقۇچى كىشىلەرگە ھەرقاچان
ئۆلەر ئادەملەردىن ئالادۇرغان ھەقلەرىنى ئۆلچاسەلەر تامام تولدۇرۇپ
ئالورلەر وە ھەرقاچان ئادەملەرغە ئۆلچەم قىلىپ يا تورۇزا بىرلە تار
تىپ بەرسەلەر كەم قىلورلەر .
(الا يظن اولئك انهم مبعوثون ٤ ليوم عظيم ٥) بونداغ وصف قبيحى
ئىلە مەۋسۇپ بولغان ئۇشۇل يامان پىشەلەر ئايا ئۆزلەرنىڭ بىر ئۇلوغ
كۈن ئۈچۈن قەبرىدىن تىرگوزولمەكلەرىنى گومان قىلمايدورلەرمو ؟
(يوم يقوم الناس لرب العالمين ٦) يەئنى بىر كۈندەكى ئۇل كۈندە ئادەملە
ھەممە ئالەمنىڭ تەربىيە قىلغۇچى ئىگەسى بولغان الله تعالى دەرگاھىدە
تامام خوزوع وە ئىنكىسار ئىلە ئاياق ئۈزرە تورادورلەر.
شوكرە الله تعالى بايان قىلدىكى مكلف «موكەللەپ» بەندەلەرى ياخشى
وە يامان ئەمەللەردىن ھەرنېمەكى قىلسەلەر خودانىڭ نەز
دىدە ئۇل مكتوب دۇر دەپ دىدىكى:
(كلا ان كتاب الفجار لفي سجين ٧) تەھقىق يامان ئەمەللەرنى قىلغۇچى
لەرنىڭ ئەمەللەرى يېزىلغان دەپتەرلەر تەختى زىمىننىڭ قىستاق سجين
دەدۇر.
(وما ادريك ما سجين ٨) ۋە ئۇل سجيننىڭ قايداغ نەرسە ئىكەنىنى
يەئنى ئىنىڭ ھەقىقەتىنى سەن قانىمە بىلدوردى.
(كتاب مرقوم ٩) دەپتەر يىدوركىم يېزىلغى ئۈچۈن رەۋشەندۇر. ئۇل

كىتابدە بار ئالامات ئېگىسى شەقىلىقىغە ۋە ئەسھاب دەۋزەخ
ئىكەنىگە دالالەت قىلۇر .

(ويل يومئذ للمكذبين ۝١٠) نە ئۇلۇغ ھەسرەت ۋە نە قاتتىغ ئازاب دۇر
شول كۈندە يەئنى ھەممە ئادەملەر «رب العالمين» دەرگاھىدە مۇھاسىبە
ۋە مۇجازات ئۈچۈن تۇرادۇرغان ۋاقتدە ياكە ئۇل دەپتەرىلا
دۇرغان كۈندە روزى جازانى تەكزىب قىلغۇچىلەرگە ئۈچۈن .

(الذين يكذبون بيوم الدين ۝١١) ئاندىغ يالغان قىلغۇچىلەر ئۈچۈنكە
ئۇلەر ھىساب ۋە جازا كۈنىنى يالغان دەيدۇرلەر .

(وما يكذب به الا كل معتد اثيم ۝١٢) ۋە ئۇل ھىساب ۋە جازا كۈنى يالغان
دىيمەيدۇر مەگەر ھەر بىر ھەق يولدىن تاجاۋۇز قىلغۇچى
ۋە گۇناھلەرنى تولا قىلغۇچى ئادەملەر .

(اذا تتلى عليه ايتنا قال اساطير الاولين ۝١٣) ئۇل يالغان دىگۈچىلەرگە
بىزنىڭ ئايەتلەرىمىز ئوقۇلسا ئۇلەر بۇ ئۆتمىش مىللەتلەردىن ھىكايە
قىلىنغان ئەپسانەلەردۇر دىدۇر

(كلا بل ران على قلوبهم ما كانوا يكسبون ۝١٤) اللە نىڭ ئايەتلەرىنى
ئىنكار ئېتىپ ئەپسانە دىگۈچى پاجىرلەر ئۇل باتىل سۆزىدىن
ۋە يالغانلىقىدىن يانمىسۇن. بەلكى ئۇل يالغانچى بەدكارلەرنىڭ
ئادەت قىلغان يامان ئىشلەرى ۋە بوزۇق ئەخلاقلەرى ئۇلە-
رنىڭ كۆڭۈللەرىغە زەنگ بولوپ ئورنىغان ياناپىرىن بىزنىڭ ئايەت
لەرىمىزنىڭ ھەقلىقىنى كۆرمەي ئىنكار قىلادۇرلەر .

(كلا انهم عن ربهم يومئذ لمحجوبون ۝١٥) ئۇل يالغانچىلەر تەھقىق
ھەممە ئادەملەر «رب العالمين» دەرگاھىدە ھىساب ۋە جازا
ئۈچۈن تۇرادۇرغان كۈندە پەرۋەردىگارلەرى اللە تعالى دىن
توسۇلغۇچى دۇرلەر . ۋە بۇ ئايەت شەرىفەنى ئەھل
سۇننەت مۇئمىنلەر اللە تعالىنى قىيامەت كۈندە كۆرگەي دەپ

دەلىل قىلىپ دورلەر.

(ثم انهم لصالوا الجحيم ١٦) سوكرە ئۇل يالغان دېگوچى بەدكارلەر قات-قات يېتىپ تورغان ئوتغە كيرگوچى وە ئېنىڭ ئىشىدە ئازابىنى چيكغوچى دورلەر.

(ثم يقال هذا الذى كنتم به تكذبون ١٧) سوكرە ئۇل يالغانچى لەرغە ئەيتىلىدور: ئۇشبو دور ئۇل عذاب كە دونيادە ئېنى يالغان دېر ئەردىڭىز.

(كلآ ان كتب الابرار لفى عليين ١٨) تەھقىق ياخشى ئەمەل قىلغان بەندەلەرنىڭ دەپتەرى ئەئالى لەرى ئەلبەتتە عليين دە دور. ديمەك جەننەتدە ئېڭ ئېگىز جايدە دور ياكى جەننەت دە ئېڭ بويوك مەرتىبە دە دور.

(وما ادريك ما عليون ١٩) عليون نىڭ «ئېللىيون» نىڭ قايداغ نەرسە ئېكەنلىكىنى ساڭا نيمە نەرسە بىلدوردى.

(كتب مرقوم ٢٠ يشهده المقربون ٢١) ئۇل مەرتىبەگە ئېگە بولغان ياخشى ئەمەل قىلغان بەندەلەرنىڭ دەفتەرلەرى ياخشىلىقى بارلىقىنى بىلدورودورغان ئالامەتلەر بىرلە ئىشارەت قىلىنغاندور. ئۇل كىتابغە اللەغە يېقىن بولغان فىرىشتەلەر گوۋالىق بېرورلەر.

(ان الابرار لفى نعيم ٢٢) تەھقىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان نېكوكارلەر نېئمەتلەر جايى بولغان جەننەتدە دورلەر.

(على الارآئك ينظرون ٢٣) ئاندا غ زىبەتلەر ئىلە بېزەلىپ پەردە سېلىنغان ئاراستە تەختلەر ئۈستىدە ئەبرارلەر جەننەتنىڭ تورلوك نېئمەت وە زىنەتلەرىغە وە ئاندا كوڭوللەرى ئىستەگەن نەرسەلەرغە نەزەر قىلورلەر.

(تعرف فى وجوههم نضرة النعيم ٢٤) ئۇل ئەھلى نەعيم بولغان ابرارلەرنىڭ يوزلەريدە نېئمەتنىڭ بهجت (خرسندە) نورىنى وە خوشھال بولغانىنى كورورسەن.

(يسقون من رحيق مختوم ٢٥ ختمه مسك ٢٦) ئۇل ئەبرارلەر جەننەتدە

ئىچىلىدۇرلەر بىر شاراپنى ئىچىشىدىنكە، ئۇنىڭ سېلىنغان
قاپقىسىنىڭ ئاغزى موھورلانغاندور. وە ئۇنىڭ ئاغزىدىكى موھور
ئىپاردور.

(وفي ذلك فليتنافس المتنافسون ۝٢٦) قىزىقىپ رەغبەت قىلغۇچى
لەر كېرەككىم ئۇشبو شارابغە خاسسە رەغبەت قىلسۇنلەر.

(ومزاجه من تسنيم ۝٢٧ عينا يشرب بها المقربون ۝٢٨) وە ئۇل موھورلانغان
شاراب نىڭ ئارالاشتورولغان نەرسەسى، «تسنيم» دىن دور، يەئنى
ئاندا ئىبر چەشمە نىڭ سويى دىن دوركە ئۇنى يېقىن بولغان مۇئمىنلەر
ئىچىدورلەر.

الله سبحانه ئەبرارنىڭ يەئنى ياخشى ئەمەل قىلغانلەرنىڭ ئاخىرەت
دىكى ئىززەت وە كەرامەتىنى بىلدورگەچ كەينىدىن كافىرلەرنىڭ
دونيادا ئۇل نېكوكاربىرلە قىلغان زەشت مائامىلەسىنى وە ئۇلەرنى مەسخەرە
ئەيلەپ ئۇلەردىن كولگەنلىكلەرىنى بايان قىلىپ ئەيتادور:

(ان الذين اجرموا كانوا من الذين آمنوا يضحكون ۝٢٩) تەھقىق ئۇل كىشىلەر گوناھ
قىلدىلەر. يەئنى كوفرنى راۋا كورگەننىڭ ئۇستىغە مۇئمىنلەرغە ئازار
بەردىلەر، وە ئۇلەر دونيادا ئىكەنلىكلەرىدە مۇئمىنلەردىن كولور
ئىدىلەر.

(واذا مروا بهم يتغامزون ۝٣٠) وەھەرقاچان ئۇل مۇئمىنلەر ئۇل مۇشرىك
لەرنىڭ ئالدىدىن ئوتسەلەر ئۇل مۇشرىكلەر بىر- بىرىغە كوزلەرى
وە قاشلەرى بىرلە ئىشارەت قىلىشىپ ئۇل مۇئمىنلەرنى ئەيب وە مەسخەرە
قىلىشور ئىدىلەر.

(واذا انقلبوا الى اهلهم انقلبوا فكهين ۝٣١) وەھەرقاچان ئۇل مۇشرىك
لەر مجلىسلەرىدىن توروپ ئوز ئەھلىلەرىغە يانسەلەر، مۇئمىنلەر
نىڭ ئەھوالىنى ھېكايە ئەيلەپ مەسخەرە قىلماق ئىلە ئەھلەرىنى كولدور
گوچى بولغان ھالدا يانورلەر، ياكى مۇئمىنلەرنىڭ غەيبەتى ئىلە زەوق

لىنىپ ساپالانغان ھالدا يانۇرلەر.
(واذا راوهم قالوا ان هؤلاء لضالون ٣٢) ۋە ھەرقاچان ئۇل مۇشرىك
لەر، مۇئمىنلەرنى كۆرسە ئەيتۇر ئىدىلەر كە ئەھقىق ئۇشبۇكىشىلەر
ئەلبەتتە يولدىن ئازغان گومراھلەردۇر.
شوكرە الله سبحانه ئۇل موجرىملەرنىڭ بۇ مائامىلەلەرنى قىلماق
غە ھەقلەرى يوقلىغىنى بايان قىلىپ ئەيتادۇر:
(وما ارسلوا عليهم حفظين ٣٣) ھالبۇكە ئۇل موجرىملەر ئۇل مۇئمىنلەر
ئۇستىغە نازىر ۋە ئۇلەرنىڭ قىلغان ئىشلەرنى ساناپ ساقلاپ تۇرغۇچى
قىلىنىپ يىبارىلمەدى. شوكرە الله تعالى ئاخىرەتتە ئۇشبۇ مۇمامىلە
نىڭ ئەكسى كافىرلەرغە يۈز كەلتۈرمەكىنى يەئنى مۇئمىنلەر مۇشرىك
لەردىن كۈلمەكلەرنى ۋە بۇ دونيادە مۇشرىكلەر مۇئمىنلەرگە قىلغان
بار مائامىلەلەرنىڭ جازاسىنى كۆرمەكلەرنى بايان ئەيلەپ مۇئمىن
لەرغە تەسەللى بېرىپ ئەيتادۇر.
(فاليوم الذين امنوا من الكفار يضحكون ٣٤) - دونيادىكى ۋە قتدە كافىر
لەر مۇئمىنلەردىن كۈلگەن ئىدىلەر ئۇشبۇ كۈن - قىيامەت كۈنى مۇئمىن
لەر كافىرلەردىن كۈلورلەر.
(على الارائك ينظرون ٣٥) ئۇل ھالدە كە ئۇلەر تورلۇك زىنەتلەر بىرلە
ئاراستە بولغان تەختلەر ئۈستىدە ئۇل كافىرلەر ھالىغە نەزەر قىلا
دورلەر.
(هل ثوب الكفار ما كانوا يفعلون ٣٦) ئايا كافىرلەر قىلغان بەد ئىش
لەرنىڭ مۇقابىلىدە تېگىشلىك جازا بېرىلدىلەرمو؟.

## 84- سورة الانشقاق مكه دە نازىل ئۇلمش
## آيت لەرى 25 دور.

## بسم الله الرحمن الرحيم

(اذا السمآء انشقت ۝١) قاچانكە ئاسمان يارىلسا.

(واذنت لربها وحقت ۝٢) وە ئۇل ئاسمان پەروەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئىشتسە.
چۈنكە ئۇل ئاسمان اللە نىڭ ئەمرىنى ئىشىتمەككە وە ئۇزىغە ئەمر
قىلىنغان ئىشنى غە بويۇن سۇنۇپ ئىتائەت ئەيلەمەككە لايىق قىلىندى.

(واذا الارض مدّت ۝٣) وە قاچانكە زېمىن سوزۇلسا، يەئنى ئۈستىدەكى
تاغلەر وە دەريالەر وە بىنالەر قالماي تېپ تۈز قىلىنسا،

(والقت ما فيها وتخلّت ۝٤) ئۇل زېمىن ئۆز بىنىڭ ئىچىدەكى نەرسەلەرنى
يەئنى خەزىنە وە دەپىنە وە مەئادەننى وە ئۇلۇكلەرنى تاشقەرى چىقارىپ
تاشلىسا، وە ئىچىدەكى نەرسەلەردىن بوتون خالى بولسا ھەتتاكە-
ئىچىدە ھېچ نەرسە قالمىسا.

(واذنت لربها وحقت ۝٥) پەروەردىگارىنىڭ ئەمرىنى تىڭلىسا وە
ئاڭا بويۇن سۇنسا وە پەر اللە نىڭ ئەمرىغە بويۇن سۇنماقغە لايىق
قىلىندى.

(يا ايها الانسان انك كادح الى ربك كدحا فملقيه ۝٦) تەھقىقكى ئىنسان
سەن جىددۇ وە جەھد بىرلە ئىش قىلماق ئىلە پەروەردىگارىنىڭ
سارىغە بارغوچى دۇرسەن. ئەلبەتتە ئەرەبىنكغە يولۇققوچى دۇرسەن.

(فَاَمَّا مَنْ اُوتِىَ كِتٰبَهٗ بِيَمِيْنِهٖ ۝٧ فسوف يحاسب حسابا يسيرا ۝٨) ئەمما ئۇل
كىشىكە قىيامەت كۈندە - ئىنىڭ نامە ئەئمالى ئوڭ قولىدىن بېرىلور، تېز
دوركىم ئۇل كىشى يەڭگىل ھېساپ قىلىنماق بىرلە ھېساپ قىلىنور.

(وينقلب الى اهله مسرورا ۝٩) وە مۇقام ھېساپدىن ئۇزىنىڭ ئەھلى
تەرەپىغە خوش بولوپ قايتور.

(واما من اوتى كتبه ورآء ظهره ۝١٠) وە ئەمما ئۇل كىشىكە ئىنىڭ نامە ئەئمالى
چەپ تەرەپىدىن بېرىلسە.

(فسوف يدعوا ثبورا ۝١١) ئۇل كىشى ئۆزىغە دائىمى ھېلاك لىق نى قىچقىرا
دور، يەئنى بۇ مېنىڭ ھېلاكىم كېل دەر.

(ويصلى سعيرا ۝١٢) وە قاتتىق قىزىتىلغان ئوتقە كىرىدور.

(انه كان فى اهله مسرورا ۝١٣) تەھقىق ئۇل كىشى دونيادە ئۆز ئەھلى وە عشرە
لەرى ئىچىدە شادمان وە خورسەن ئىدى. يەئنى مال پۇلى نوخانا پايدالىرى
غە نازىش قىلىپ شادمان وە پانى نىئمەتكە مەغرور بولوپ الله تعالى
دىن غاپىل ئىدى.

سۆزۈ الله تعالى شەقى نىڭ دونيادىكى خوشلىق نىڭ سەبەبىنى بايان
قىلىپ ئەيتادور:

(انه ظن ان لن يحور ۝١٤) تەھقىق ئۇل شەقى گومان قىلدىكە قىيامەت
قائىم بولوپ ئۇل قىلغان ئەمەللىنىڭ جازاسىنى كۆرمەك ئۈچۈن الله -
تعالى نىڭ ھۆكمىغە وە جازا موھاسىبەغە قايتمايدور.

(بلى ان ربه كان به بصيرا ۝١٥) تەھقىق ئۇل مەيۇس بولمايمەن دەپ
گومان قىلغوچى ئىنىڭ خوداسى ئۇنى وە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلەرىنى
ھەمىشە كۆرگۈچى بولدى.

سۆزۈ الله تعالى بەندەلەرنىڭ دونيا وا خىلقەتىدە وەمەئى
شەتتە وە ھەممە ئەھوالدە دائىما بىر ھالدىن بىر ھالغا يۆتكەلوپ
تۇرغانىدەك ئۇلگەندىن سوڭ ھەم تا دار القرار غە بارغونچە
بىر ھالدىن بىر ھالغا يۆتكەلىپ تۇرماقىغە قەسەم قىلىپ ئەيتادور:

(فلا اقسم بالشفق ۝١٦) قەسەم قىلامەن قوياش شەرقدە پاتقان
دىن كېيىن كەنارە يەلەكدە زاھىر بولغان شفق بىرلە - شەپەق قوياش
غورۇبىدىن سوڭ ئۇفقدە قالغان ئەترىيا قىزىلدور.

(والليل وما وسق ۝١٧) وە ھەم قەسەم قىلەمەن كېچە بىرلە ئۆز ئىچىگە
ئالغان نەرسەلەر بىرلە

(والقمر اذا اتسق ۝١٨) وە ھەم قەسەم قىلەمەن ئاي بىرلە تاماملىكدە

ئۇل ئاي تولۇپ كامالىغە يېتىپ بەدر بولسە.

سوگوره الله تعالى مذكور نەرسەلەر بىرلە قىلغان قەسەمى
ئارقاسىدىن قەسەم ئەلەيھىنى زىكرى قىلىپ دېدىكە :
(لتركبن طبقا عن طبق (١٩)) ئەلبەتتەكى ئىنسانلەر سىزلەر حالدىن
سوڭ بىر باشقە حالغە يولوقورسىزلەر.

سوگوره الله سبحانه ئەيلاك ئەناسىردە واقىئ ئولماقدە بول
غان ئەھوال موتەغەييرە بىرلە خەلقنىڭ ئەھوالىنىڭ تەغير
دە بولماقلىقىغە قەسەم قىلىپ اجرام ئۇلوويە وسفليەنى بحسب مصالح
خەلق بىر حالدىن يەنە بىر حالغا وە بىر سوپەتدىن يەنە بىر سوپەتكە
تەغيىر بەرمەككە قىلار ئىكەنى بىرلە بعث وە نشورغە ھەم
قادىر ئىكەنىغە دليل كەلتورگەندىن كيين عالەمدە بعث وقيامة
نىڭ راسلىقىغە دالالەت قىلىدىغان بوقەدەر دالائىل قاتتىغە ھىس
سيە وە ئەقلىيەلەر توروپ ئاكا ئيتبار نەزەرى بىرلە قارامايى
وە ئىبنى تەپەككور ئەتمەي قيامەتنى يالغان ئەيلەپ قورئانغە ئىمان
كەلتورمىگەن قەوملەرنىڭ ئەھوالىغە ئىنكار ئۇلەرنىڭ بو ئىش
لەرىنى ئۇزاق ئەيلەپ ئەيتادور :

(فما لهم لا يؤمنون (٢٠) واذا قرئ عليهم القرآن لا يسجدون (٢١)) نىمە بولدى
ئۇل كافرلەرغە كە قيامەتغە ئىمان كەلتورمەسلەر. وە ھەرقاچان ئۇلەرغە
قورئان ئوقولسە ئاڭا بويون سونماس.

(بل الذين كفروا يكذبون (٢٢)) بەلكە ھەقنى يېپىپ ئىنكار قىلغان كىشىلەر
ئۇل قرآننى يالغان دەيدورلەر، شونىڭ ئوچون ئۇل قورئان ئۇلەرغە
ئوقولغان چاغدا ئاڭا بويون سونمايدورلەر.

(والله اعلم بما يوعون (٢٣)) وە الله تعالى ئۇل موشرىكلەرنىڭ كوڭول
لەرىدە ساقلاغان نەرسەلەرىنى بىلگوچى دور.

كوچى
(فبشرهم بعذاب اليم (٢٤)) يى محمد (ع) ئۇل كافرلەرغە قاتتىغ رەنجە

عذاب بىرلەمسويۇنجى بەرگىل

(الا الذين امنوا وعملوا الصلحت لهم اجر غير ممنون ۲۵) ليكن ئامداغ كىشى لەرگە راسى ئىمان كەلتوردىلەر وە ئۇبدان ئەمەللەرنى قىلدىلەر ئۇل كىشى لەرغە ئاخىرەتدە ئۈزۈلمەس دائىمى ساۋاپ بار دور.

## 85- سورە البروج مكەدە نازىل ئولمىش
## آيتلەرى 22 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

بو سورەدىن مەقسود رسول الله صلى الله عليه وسلم غە وە مۆئمىن لەرغە كافرلەرنىڭ ئازاردىن تەسەللى بەرمەك ئۈچۈن دور.
ئېنىڭكە يېپىيەتى بوكى سىز لەرغە بو كافرلەردىن يەتكەن ئازارلەرغە غەمكىن بولماڭلەر. ئىلگەرىكى ئۈممەتلەر ئىچرە ھەم شوندا اغ قەۋملەر بولغان ئەسھابىل ئەخدود (يەرىلغان بەرايگەرى) وە فرعون وە ثمود قۆمى غە ئوخشا وە ھەممە كافرلەرنىڭ عادەتلەرى ھەممە دىنى يالغان دېمەكدور. سوڭرە بوندىن كېيىن دېدىكى الله تعالى ئىنىڭ ئىلمى وە قوررەتى ئۇلەرنى ئىھاتە قىلغوچىدور. دەپ ئېنىڭ ئارقا- سىدىن دېدىكە بو ئىشلەر لوح محفوظدە بار ئىشلەدوركە ئېنىڭ تەغىيرتابمەقى مەمنوع دور. دەپ بو سورەگە نىمەنىڭ تەرتىبى بودور.
(والسماء ذات البروج ۱) برج لەرنىڭسى بولغان ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىمەن. بروج برج نىڭ جەمئى دور. برج دەپ پادشاھ لەر ئولتورا دورغان ئۆيلەرنى ئەيتورلەر. وە بروج فەلەك سيارە ئۆيلەر وە سەوابت جايلەرى بولغان ليقىدىن ئېگىز قەسرى لەرغە تەشبيە قىلىنىب دور.
الله سبحانە قەسەم قىلغان بروج دىن مراد خاە قوياشى. وە ئاينىڭ

جايلەرى بولسۇن ياكى ئاسمانىدىكى يولدوزلەر بارچىسى بولسۇن يا ئۇل يولدوزلەرنىڭ بىر نوئى بولسۇن بولەر ھەممەسى اللە تعالىنىڭ قۇدرەت قاھىرەسىنىڭ دەلالەتى دىن دور. وە وەھدانىيەتىنىڭ موشاھەدى دىن دور.

(واليوم الموعود ۲) وە ھەم قەسەم قىلىمەن وەئدە قىلىنغان كۈن بىلەن يەنى قىيامەت كۈنى بىلەن.

(وشاهد ومشهود ۳) وە بىر ھازىر بولغۇچى وە ھازىر بولۇنغۇچى بىلەن قەسەم قىلىمەن.

(قتل اصحب الاخدود ۴ النار ذات الوقود ۵) لەئنەت قىلىندى يەرگە قېزىلغان چوقورلەر ئىگەسى وە تولا ئۇلوغ يالقونلىنىپ يانادورغان ئوتنىڭ ئىگەسى.

(اذهم عليها قعود ۶) وە قەتىكە ئۇل كافىرلەر ئوت ئۈزرە ئولتورغوچىدور

(وهم على مايفعلون بالمؤمنين شهود ۷) وە ئۇل مؤمنلەرنى ياندورغوچى كافىرلەر يالقونلىنىپ يانادورغان ئوتغە سېلىپ ئۈستىدە ھازىر تۇرۇب تاماشا قىلغوچىدور.

(وما نقموا منهم الا ان يؤمنوا بالله العزيز الحميد ۸) وە ئۇل ئەخدود ئىگەلەرى ئۇل مؤمنلەرنىڭ ھېچ بىر ئىشلەرىنى ئەيىب قىلمادىلەر وە ئۇلەرنىڭ ھېچ بىر ئەمەللەرىنى يامان كۆرمەدىلەر مەگەر ئۇل مؤمنلەرنىڭ ھەممە مخلوقات ئۈزرە غالىب وە ھەممە سوپات كامال بىرلە سىتايىش قىلماققە لايىق بولغان اللە غە ئىمان كەلتۈرمەكلەرىنى ئەيىب قىلىب دوشمەن تۇتتىلەر. شونىڭ ئۈچۈن ئۇلەرنى ئۇلوغ يالقۇن چىقىب يانىپ تورغان ئەخدود ئوتغە تاشلاب كۆيدوردىلەر.

(الذى له ملك السموات والارض والله على كل شيئ شهيد ۹) ئۇل مؤمينلەر ئىمان كەلتۈرگەن اللە ئانداغ زات دور كە ئاسمان وە زېمىننىڭ پادشاھلىغى ئاڭا خاسدور. وە ئۇل اللە ھەر بىر نەرسە ئۈزرە علم موھىتى ئىلە ھازىر وە ھەر بىر نەرسەنى ھازىر قىلدەك

بىلگۈچى دانادۇر.

(ان الذين فتنوا المؤمنين والمؤمنت ثم لم يتوبوا فلهم عذاب جهنم ولهم عذاب الحريق ۝١٠) تەھقىق ئانداغ كىشىلەركە مۆمىن وە مۆمىناتنى ئازار وە ئەزىيەت بىرىپ ئازاب قىلدىلەر وە دىن ھەقدىن يانسۇن دەپ قاتتىق ئەقوبەت ئەيلەدىلەر، سوڭرە ئۇل ياسىق وەكافىرلەر تۆبە وە نادامەت ئەيلەپ دەرگاھ الهغە (ئىلاھىغە) يانمادىلەر. ئاخىرەتدە ئۇلەرغە دۇر. وە دەزەخنىڭ ئۇقوبەت وە ئازابى وە ئۇل بەدكارلەرغە دۇر. بىر نەوع كويدۈرۈۋ دۇرغان ئازابنىڭ قاتتىق ئىقابەتى.

الله سبحانه كافرلەرغە ئامادە قىلىنغان ئىقابىنى ذىكرى ئەتكەندىن كىين مۆمىنلەرغە وەئدە قىلىغان ساۋابىنى بايان ئەيلەپ دىدىكە:

(ان الذين امنوا وعملوا الصلحت لهم جنت تجري من تحتها الانهار ۵ ذلك الفوز الكبير ۝١١) تەھقىق ئانداغ ئادەملەركە ئىمان كەلتۇردىلەر وە ياخشى ئەمەل قىلدىلەر ئۇل ئادەملەرغە دۇر. ئاخىرەتدە بوستانلەركىم ئاستىدىن سولەر ئېقىپ تۇرار. ئۇشۇل دارلسۇرۇرغە يەتمەك ئۇلوغ سائادەتدۇر.

سوڭرە الله تعالى ئۇل كافرلەرغە قىلغان وەئىدىنى تەئكىد قىلىپ دىدىكە:

(ان بطش ربك لشديد ۝١٢) ئى محمد(ع) تەھقىق پەرۋەردىگارىڭ مۇشرىكلەرنى عذاب بىرلە تۇتماقى ئەلبەتتە قاتتىغدۇر ئۇل ئازابى.

(انه هو يبدئ ويعيد ۝١٣) تەھقىق ئۇل ئاللە خەلقنى ئەۋۋەلدە يوقدىن بار قىلدۇر وە يوق بولغاندىن سوڭ ئۇلەرنى ھىساب وە جازا ئۈچۈن قىيامەتدە يەنە پەيدا قىلىدۇر. ئۇشبو يوقلۇقدىن بار قىلىپ باشلاش سوڭرە يوق قىلىپ تىرگوزوپ ياندۇرۇۋ تىرغۇ ئۇل قادر اللەدىن باشقا ھىچ كىم قادر ئىمەسدۇر.

(وهو الغفور الودود ﴿١٤﴾) وە ئۇل « بطش شديد » ئىلە مەۋسۇف
الله قەدىر. تائىب لەرنىڭ گۇناھىنى ئەفۇ قىلغۇچى ئۆزىنىڭ پەرمانىنى
تۇتقان بەندەلەرنى دوست تۇتقۇچى دۇر.
(ذو العرش المجيد ﴿١٥﴾) ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر. زات سۈپاتىدە
ئۇلۇغ دۇر.
(فعّال لما يريد ﴿١٦﴾) ئۇل الله ھەر نەرسىنى كە خاھلىسا قىلغۇچىدۇر.
ھېچ نەرسە ئىنىڭ ئىرادەسىنى وۇجودغە كەلتۈرمەكىغە توسالغۇ
بولالماس.

الله تعالى رسول الله جىنابىغە ۋە ھەم مۇشرىكلەر تەرەپىدىن
آزار ۋە كۈلپەت چەككەن مۇئمىنلەرغە تەسەللى ئۈچۈن ئەخدۇد ئىگە-
سىنىڭ ھېكايەسىنى بايان قىلىپ ئۇل ھېكايە ئىلە كۆپيارە قورەيشقە
ۋەئىد بەردى. سوڭرە ئۇل تەسەللىنى قۇۋۋەتلەندۇرۇپ دېدىكە :
(هل اتيك حديث الجنود ﴿١٧﴾) ئى محمد (ع) ساڭا كەلدىمۇ پەيغەمبەر
لەرنى يالغان دېگەن كافرلەرنىڭ لەشكەرىنىڭ خەبەرى.
(فرعون وثمود ﴿١٨﴾) فرعون ۋە سەمود قەۋملەرنىڭ قىسسەسى.
(بل الذين كفروا في تكذيب ﴿١٩﴾) بەلكە ئى محمد (ص) سىنىڭ قەۋمىڭدىن
كافرلەر تاتىتىغ تكذيبدە دۇرلەر. بو آيت قورەيش كافرلەرنى ئۆتمىش
كافرلەرغە موماسلەت دىن اضراب ۋە بولەر كۆپرەك ۋە توغيانىدە
ئولەردىن كوب ئەشەددى تەكذىب ۋە عناددە دۇر
(والله من ورائهم محيط ﴿٢٠﴾) الله سبحانه علم قدرتى ئۇلەرنىڭ
ھەر تەرەپىدىن ئىھاتە قىلغۇچىدۇر. يەئنى الله سبحانه ئۆزىنىڭ ھەممە
ئىشلەرنى بىلگۈچى ۋە ئولەرنى ئازاب ئەتمەككە قۇدرەتى يەتكۈچىدۇر.
(بل هو قران مجيد ﴿٢١﴾ في لوح محفوظ ﴿٢٢﴾) بەلكى ئۇل كافرلەر ئىنكار قىلىش
كىشىلەر يالغان دېگەن قورئان. كىتابىمىز ئىلە ساماۋىيە ئارا-
سىدا نەزمى ۋە مەئنىدە يېگانە بولغان ئالىي دەرىجەلىك شەرىپ

مەنپەئەتى جىق قورئان مەجىددۇركى لەۋھى (لوح) مەھپۇزدە يا-
زىقلىق ياكى ساقلانغۇچى دۇر .

## 86 - سورة الطارق مكه دە نازىل بولمىش
## آيىتلەرى 16 دۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(والسماء والطارق ١) ئاسمان بىلە قەسەم قىلىمەن ۋە كېچىدە
زاھىر بولغۇچى نۇرانە يۇلدۇزلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن .
(وما ادراك ما الطارق ٢) ئى محمد ع، طارق نىڭ نىمە ئىكەنىنى ساڭا قايسى
نەرسە بىلدۇردى . يەئنى الله دىن باشقا كىمسە طارق نىڭ
ھەقىقەتىنى ساڭا بىلدۇرالماس .
(النجم الثاقب ٣) ئول طارق كېچىدە دەرەخشان بولغان يۇلدۇز
بولۇپ ئالەمگە رەۋشەنلىق سالغۇچى، ۋە رەۋشەنلىقلەرى ئىلە
قاراڭغۇلۇقنى تېشىپ نۇرلەرىنى زاھىر قىلغۇچى نۇرانى يۇلدۇز
لەردۇر . ساقىب ئوت شوئلەسى دەك يورۇپ تۇرغان كەۋكەب
چىرايلىق دېگەن بولور .
(ان كل نفس لما عليها حافظ ٤) ئۆتكەن نەرسەلەر بىلەن قەسەم
قىلىپ ئەيتىمەنكى ھېچ بىر تەن يوقتۇر مەگەركە ئول تەن نىڭ ئۈس-
تىدە بىر ساقلىغۇچى بار ۋە قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلەرىنى ساناپ
تۇرادۇر . قىيامەت نىڭ راسلىقىغە استدلال (دلالت) ئەيلىمەك
ئىلە روز جازادە ئۆزىگە پايدا بولادۇرغان ئىشلەرنى ئەيتسۇن
روز جازادە پايدا بەرمەي بائىس خىجالەت بولىدىغان نەرسە
لەرنى ھافىز ئەئمالىغە ئىملا قىلماسلىقىغە سەئي ئەتسۇن دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەۋسىيە ئەيلەپ دېدىكە :
(فلينظر الانسان مم خلق ٥) ئەگەر بو بارىدا بىرەر ئىنساننىڭ شەككى
بولسا كېرەككى ئىنسان ئۆزىنىڭ نېمەدىن يارىتىلغانلىغىغا نەزەر-
ئېتىبارى بىلە ئويلانسۇن .
(خُلِقَ من مَّآءٍ دافِقٍ ٦ يَّخرج من بين الصلب والترآئب ٧) ئىنسان
يارىتىلدى ئاتىلىپ تۆكۈلگەن ئانداغ ئابى مەنىدىنكە ئول ئابى مەنى
ئاتاننىڭ ئارقىسى بىلە ئانانىڭ سىنەسىدىن ھەر ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇ
دىدە قارار بېرىلگەن ئالەت تەناسۇل ۋاسىتەسى بىلە چىقىدۇر
ۋە ئانىنىڭ رەھىمىدە (بەچچەدانىدە) بىر بىرى بىلە مەخلۇق بولىدۇ .
سوڭرە الله تعالى موستەدىل ئەلەيھ بولغان بعث ومعاد ئەمرىنى بايان
ئەيلەپ دېدىكە :
(انه على رجعه لقادر ٨) تەھقىق ئىنساننى ئىلگىرى ئابىمەنى دىن
ياراتقان خالىق كامىل ئەلبەتتە ئول ئىنساننى ئۆلگەندىن سوڭ
ئىككىنچى بار خەلق ئەتمەككە ئەلبەتتە قادىر دۇر .
(يوم تبلى السرآئر ٩) بىر كۈندە ھەممە سىرلەر ئاشكارى قىلىنىدۇر .
سوڭرە الله تعالى ئىنساننىڭ قيامەت كۈنىدەكى ھال شىددەت
ۋەبالىدىن خەبەر بېرىپ ئەيتادۇركە :
(فماله من قوة ولا ناصر ١٠) ۋەقتىكە ئىنسان قيامەت كۈنى ئول قەبرىدىن
تىرگۈزۈلۈپ موھاسىبە ئەئمال ئۈچۈن كەلتۈرۈلسە ۋە يوشۇرۇن سىر-
لەر خەلق ئالدىدا ئاشكارا ئولغان سائەتغە دوچار ئولسە ئول ئىنسان
ئۈچۈن ئەزاب اللەنى توساماق ئىشىنىڭ بى ئۆز تەرەپىدىن ھېچ بىر قۇۋۋەت
ۋە تاشقىدىن يار دەم بەرگۈچى يوقتۇر
(والسماء ذات الرجع ١١) يامغۇر ئىگىسى بولغان ئاسمان بىرلە قەسەم قىلىمەن
(والارض ذات الصدع ١٢) ۋە ھەم يامغۇر سەبەبى بىرلە كۆكەرگەن ھەرخىل تىرەم ۋە
دەرەخ ئىگەسى بولغان يەر بىرلە قەسەم قىلىمەن .

الله تعالى ئايەت قەسەمدە قەسەم بىلەن مۇئەككەد ئەيلەپ كەيپىيەت
خىلقەت ئىنساننى بەدئى مەئاد مەرتىبەتىغە دەلىل قىلدى.
ئەمدى ئۇشبۇ قەسەمدە كەيپىيەت خىلقەت بىنات نى بايان
قىلدى. دەرھەقىقەت نەۋئى ئىنساننىڭ ۋۇجۇد خىلقەتىغە
سەبەب ئاتا ۋە ئانا بولغاندەك نەباتاتنىڭ ۋۇجۇدىغە باس ئاسمان
ۋە يەردۇر. بۇ قەسەمدىن قۇرئان مەجىدنىڭ قەۋلى پەسلى
يەئنى ھەق بىلەن باتىل ئارىسىنى ئايرىغۇچى ئىكەنىنى تەئكىد قىلدى
ۋە دېدى كە: -
(انه لقول فصل ۝١٣) تەھقىق ئۇل قۇرئان ئەلبەتتە ھەق بىلە باتىل
ئارىسىنى ئايرىغۇچى ھەق سۆزدۇر.
(وما هو بالهزل ۝١٤) ۋە ئۇل قۇرئان لەغۋە باتىل سۆز ئەمەسدۇر.
سۆكرە الله تعالى قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغە قەسەم بىلە
ئېيتىك ھەق لىبغىنى ئەخبار قىلغاندىن كېيىن قۇرئان كەرىمغە بەرەر-
گەن نەرسەلەرنىڭ بەزىسىنى باتىل قىلماق ئۈچۈن مۇشرىكلەرنىڭ
كَيْدْ قىلماقلەرىنى ئولەرنىڭ كَيْدلەرىنىڭ جازاسىنى بېلدۈرۈب
الله تعالى پەيغەمبەر عليه السلامغە تەسەللى بېرىب ئەيتادۇر:
(انهم يكيدون كيداً ۝١٥ وَأَكِيدُ كَيْدًا ۝١٦) تەھقىق ئۇل مۇشرىكلەر
قۇرئاننى باتىل قىلماقدە ۋە نۇرىنى ئۆچۈرمەكتە ئۇلۇغ ھىلە ۋە مەكرى
لەر قىلۇرلەر. ۋە مەن ھەم ئولەرغە ئازاب بېرەرمەكنى ۋە ئىنتىقام
ئالماقنى تەخىر ئەيلەمەك ئىلە ھىلەبرلە موقابىلە قىلۇرمەن. يەئنى
ئۇل كافىرلەر گۇمان قىلمىغان ھالدا بېلدۇرمەي ناگىھانى ئازابىمنى
ئولەر ئۈزرە توشۇرىمەن. ۋە ئۇل بەدخاھلەرنىڭ ھىلە مىكرى
لەرىنىڭ جازاسىنى ئولەرغە يەتكۈزۈرمەن.
(فمهل الكفرين امهلهم رويداً ۝١٧) ئى محمد (ص) ئۇل معاند ئىسلام
بولغان مۇشرىكلەرغە مۆھلەت بېرگىل. ۋە ئولەردىن ئىنتىقام ئالماقنى

ئىستىھكتە شتاپ ئەتمىگىل بىر ئازمۇددەت ئۇلەرغە مۇھلەت بەرگىل زامان مۇھلەت تامام بولغان ھامان ئۇزۇم ئۇلەردىن ئىنتىقام ئالورمەن.

## 87 - سورة الاعلى مكەدە نازىل ئۇلمىش
## آيتلەرى 19 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(سبح اسم ربك الاعلى ①) ئى محمد(ص) ھەممە دىن ئۇلوغ وە بەلەند- بولغان پەروەردىگارىڭ نىڭ ئىسمىنى وە شەئنىغە موناسىپ بولمىغان نەرسەلەردىن تەنزىھ قىل. يەئنى ھەر قايداغ كەمچىلىكدىن وە يامان گومانلەردىن وە يامان سوزلەردىن الله تعالى نىڭ ئىسمىنى وە سوپاتلەرىنى پاك وە بەلەند قىل.

ناماز دا سەجدە بىدە ئەيتىلىدورغان «سبحان رب الاعلى» نىڭ مەئناسى، ھەممە نەرسەلەردىن ئۇستون ئالى قاھر بولغان رەببىمنى كەمچىلىكدىن وە يامان گومانلەردىن وە الله تعالى غە لايىق ئەمەس قوشماوە تەئويل سوزلەردىن كامال پاك تقدس قىلىمەن دېمەكدور.

الله سبحانە ئۆز زات موقەددەسەسىغە تەسبىھ ئەيتماقغە ئەمرى قىلغاندا ئۆز رەبوبىيەتىنى ئۇستونلىك بىلەن وەسىپ قىلىپ ئىدى. ئەمدى رەبوبىيەتغە وە ئۇستونلىقغە ئىستدلال موقامىدە ئۆزىنى بوجوملە بىلەن وەسىپ قىلىپ دېدى كە:

(الذى خلق فسوى ②) ئاندااغ رب اعلى دوركە قودرەتى كامىلەسى ئىلەن ھەر بىر نەرسەنى ياراتتى. وە بارچەسىنى راس وە توغرى ئىپلىك اعضاء قارار بەردى. يەئنى نىزام كامىل ئۆزرە قىلدى.

(والذى قدر فهدى ③) ئاندااغ رب اعلى دوركە قودرەتى كامىلەسى ئىلە ھە

بىر ھايات ئېگىسى بولغان نەرسە ئۈچۈن موددە ھاياتىدا ئېنىڭ شەئنى
ۋە ھالىنى ئىسلاھ قىلىدىغان ھەر بىر نەرسەنى تەقدىر ئەتتى ۋە ئۇ ھا
يات ئېگىسىنى ئۇ ھالىنى ئىسلاھ قىلىدىغان نەرسىگە ھىدايەت قىلدى.

(والذي اخرج المرعى ٤) ۋە ئاندا غ رەب ئەلاكى ھايۋانلار ئۈچۈن گىياھلار
چىقىرىپ ئوتلاقلارنى پەيدا قىلدى.

(فَجَعَلَهُ غُثَاءً اَحْوٰى ٥) ئۇ گىياھلارنى قۇرۇپ كامالىغە يېتىپ ياپ يېشىل
بولغاندىن سوڭ ئېنى قۇرۇق قارا رەڭ قىلدى.

(سنقرئك فلا تنسى ٦) ئى محمد (ص) تىز دۇركىم سىزنى ئوقوتۇرمىز يەئنى
جبرئىل ئەمىن بىز نىڭ ئەمرىمىز ئىلە قۇرئاننى سىزگە ئوقوتۇر. سەن
قۇرئاندىن ھېچ نەرسىنى ئونوتماسسەن.

(الا ما شاء الله انه يعلم الجهر وما يخفى ٧) مەگەر بىر نەرسەنى الله تعالى
خالايدور. ۋە ئۇ الله تعالى ئاشكارا ئىشلەرنى ۋە مەخپى نەرسە
لەرنى بىلىدور. يەئنى زاھىر دېگى سۆز ۋە ئىشلەرنىڭنى ۋە باتىن دېگى
نىيەت ۋە قەسدلەرنىڭنى الله تعالى بىلىدور.

(وَنُيَسِّرُكَ لِلْيُسْرٰى ٨) ۋە ھەم ئى محمد (ص) بىز سىزنى ئاندا غ بىر شەرىئەت
غە مۇۋەپپەق قىلىمىزكى ئۇ شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللەرى قوبول
قىلماقغە مۇۋاپىق ۋە ئەقىللەرى ئاڭلاماقغە يەنگىل دۇر.

(فَذَكِّرْ ان نَّفَعَتِ الذِّكْرٰى ٩) ئادەملەرغە قۇرئان بىلەن ۋەز قىل. ئەگەر ۋەز
قىلماق پائىدە بەرسە. يەئنى ئى محمد (ص) بىزنىڭ ئاسان قىلمىقىمىز بىلە
ھىدى ۋە ھىدايەت مەنسەبىغە يېتىپ كامال ۋە تەكمىل مەرتىبەسىغە
جامىئ بولغانىڭدىن كېيىن ئىنسانلارنى ئىسلاھ مەغە قۇرئان ئىلە دەئوەت
قىل ئەگەر ۋەز پايدا بەرسە. الله تعالى «اِنْ نَّفَعَتِ الذِّكْرٰى» ئىجمالىنى
تەپسىل قىلىپ دېدى كە:

(سيذكر من يخشى ١٠) تەھقىق دۇركە خودادىن قورققان كىشى سىزنىڭ
ۋەزىڭ ئىلە مەنپەئەتلىگ ئولور. زىراكە ئۇ كىشى ۋەز قىلىنغان

ئەمرى بارەسىدە فىكرىنى يوروتوپ ھەقلىقىغە ۋاقىپ ئولور.

(ويتجنبها الاشقى ۝11) ئى محمد (ص)، سىنىڭ ئايات قورئانىڭنى ئىيلە قىلغان ئۇل نەسىھەتىڭنى قوبول قىلماقدىن يىراقلىق ئىستەر كافىرلەرنىڭ ئەڭ شەقى سى بولغانلەر.

(الذى يصلى النار الكبرى ۝12) ئاندىغ شەقى كافىركە ئاخىرەتدە ئولوغ ئوت سوزان جەھەننەم ئىچرە كىرىب ئازاب چېكىدور.

(ثم لا يموت فيها ولا يحيى ۝13) سوڭرە ئۇل ئولوغ ئوتغە كىرگەن شەقى گومراھ ئول ئوت ئىچىدە ئولمەيدور. تاكە ئولمەك ئىلە ئول ئوتدىن قوتولغاي، ۋەنە ھەم نىيە ئەت بەخشى ھايات ئىلە تىرىلمەيدور.

سوڭرە ۋەز ۋەنەسىھەتلەرنى قوبول ئىلە ئاڭلاپ ئوز ۋوجودىنى ۋەبەس موشرىكدىن پاك قىلغان سائادەت ۋە ئەدىنى ذكرى قىلىپ دېدىكە:

(قد افلح من تزكى ۝14) ھەقىقەت دونياۋە ئاخىرەت سائادەتغە يېتىشتى كىشىكە پەيغەمبەر خودا تەرەپىدىن بايان قىلىنغان نەسىھەت بىرلە متعظ (عبرت) بولوب ئوز ۋوجودىنى ھەممە يامان ئەخلاقلەردىن ۋە ۋەسۋەسەنى باشى بولغان كوفرىدىن ۋە ھەممە گونالەردىن پاك قىلدى.

(وذكر اسم ربه فصلى ۝15) ۋە ھەم پەرۋەردىگارىنىڭ ئولوغ ئىسمىنى كوڭگول ۋە تىل بىرلە ياد قىلدى. يەئنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئولوغلىقىنى كوڭلىدە ياد قىلىپ كوڭلى بىرلە ئويلىغان ھالدا پەرۋەردىگارىغە دۇئا قىلىپ تەزەررۇ قىلدى.

(بل تؤثرون الحيوة الدنيا ۝16) بەلكە ئى ئىنسانلەر سىزلەر دونيا تىرىكلىكىنى ئاخىرەتدىن ئوزرە ئىختىيار قىلورسىزلەر..

الله سبحانه بو ئايەتدە ھەممە ئىنسانلەرغە خىتاب قىلىپ ئەيتدوركە، ئى ئىنسانلەر سىزلەرنىڭ ئىككى دونيادە سائادەتغە ئېرىشىپ دېشوارلىقلەردىن قوتولماقلىقىڭىزغە باعىس بولادورغان

نەرسەلەرنى قورئاندە بايان قىلدىم. سىزلەر ئۇل باعث فلاح
بولغان ئەمەللەرنى قىلماقنى ئىختيار قىلماس سىز. بەلكە سىزلەر دونيا
تىرىكلىكنى ئاخىرەت ئۈزرە ئىختيار قىلور سىزلەر.
(والآخرة خير وابقى ۝١٧) حال بوكە ئاخىرەت دونيادىن ياخشى دور. وە فانى
بولماس ھەمىشە بولغوچى جايدور. ھېچ بىر ئاقىل كودورەت مەھەل وە
مەنزىلى بولغان ياڭى جاينى راھەت وە لەززەت مۇقامى بولغان باقى ساراي
ئۈزرە وە ياڭى خەسىسنى باقى نەپىس ئۈزرە ئىختيار ئەتمەس.
(ان هذا لفي الصحف الاولى ۝١٨) تەھقىق ئۇشبۇ سۆز ئەلبەتتە ئۆتكەن
پيغمبرلەرغە نازىل قىلىنغان سەھىپەلەردە بار دور. يالغوز قورئان
مەجىيدە غىنە زىكرى قىلىنغان ئىمەس دور.
(صحف ابراهيم وموسى ۝١٩) بەلكە ابراهيم عليه السلام غە كەلگەن سە-
ھىپەلەردە وە ھەم موسى عليه السلام غە كەلگەن سەھىپەلەردە يازىلغان دور.

امام احمد، وە مسلم، وە ابوداود، و الترمذى، وە نسائى
و ابن ماجه راوايت قىلىب دور لەركى: نىئمان بىن بەشىر دېمىش
كە، پيغمبر خدا صلى الله عليه و سلم ئىككى عيدە وە جمعەدە
«سبح اسم ربك الاعلى» بىلەن «هل اتاك حديث الغاشيه» نى
قىرائەت قىلور ئىدىلەر. وە ئەگەر يوم جومئە عيدغە موافق
كېلىب قالسا ئۇل ئىككى سورەنى عيد وە جومئە نامازلەرىدە قىرائەت
قىلور ئىدىلەر. بززار راوايەت قىلىب دور. انس رضى الله عنه
دېمىش كە پيغمبر صلى الله عليه و سلم پېشىن دە وە عصر ناماز
لەرىدە «سبح اسم ربك الاعلى» وە «هل اتاك حديث الغاشيه»
نى قىرائەت قىلور ئىدىلەر. وە يەنە بززار راوايت قىلىب دور
عبد الله بن عمر رضى الله عنهما دېمىش كە پيغمبر (ص) وترە نامازدە سبح اسم
ربك الاعلى وە «قل يا ايها الكافرون» وە «قل هو الله احد» نى
قىرائەت قىلور ئىدىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 88 - سورة الغاشية مكەدە نازىل بولمىش
## ئايەتلەرى 26 دۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(هل اتاك حديث الغاشية ۝١) ئى محمد (ص) ئاياخەلق نىڭ بارچە
بارچىسىنى ھەر تەرەپدىن قورقۇنچى ۋە شىددەت بىلە ئوراپ
ئالغۇچى قىيامەت كۈنى نىڭ ۋە ئۇل كۈندە بولادۇرغان ھادىسەلەر
قىسسەسىنى ئىشىتتىڭمۇ؟ ئەلبەتتە ئۇل كۈن نىڭ بولماقى، ئۇل كۈن
دە بولادۇرغان ئىشلەر بىز نىڭ تەرەپىمىزدىن ساڭا خەبەر بېرىلدى.
سوڭرە الله تعالى، غاشىيە نىڭ سوزىنى بايان ئەيلەپ دېدى كە:
(وجوه يومئذ خاشعة ۝٢) ئۇل كۈندە بەزى يۈزلەر - يەئنى كافىرلەر
نىڭ يۈزلەرى خار ۋە زەلىل بولغۇچىدۇر.
(عاملة ناصبة ۝٣) ئۇل يۈزلەر ياكى ئۇل يۈزلەر نىڭ ئىگەلەرى ئەمەل
قىلغۇچى ۋە ھەمىشە رەنجى مۇشەققەت تارتقۇچى دۇرلەر.
(تصلى نارا حامية ۝٤) ئۇل يۈزلەر نىڭ ئىگەلەرى قاتتىغ ھارارەتلىك
ئوتنىڭ ئىچىغە كىرىپ كۆيمۈلورلەر.
(تسقى من عين آنية ۝٥) ئۇل ئەھلى دوزەخ بولغان كافىرلەر نىڭ ناھا-
يەتىغە يەتكەن قىززىق بولاق نىڭ سۇيىدىن سۇغارىلورلەر.
(ليس لهم طعام الا من ضريع ۝٦ لا يسمن ولا يغني من جوع ۝٧) ئۇل جە-
ھەننەم ئەھلى ئۈچۈن قۇسقاقلەر ئىچىپ تائام يىگەن كىمسە نىڭ
بەدەنىغە قۇۋەت بېرىپ سەمىرتمەيدۇر ۋە ھەم ئىنى ئاچلىقدىن
يىسمايدۇر. مونداغ يىمەك غىزا ئۈچۈن ئەمەس لاكىن ئۇلەرغە ئازاب
ئەتمەك ئۈچۈن دۇر. ضريع بىر نەۋئى تىكەنلىك نەبات دۇر.
الله سبحانه كافىرلەر نىڭ ھالىنى زىكرى قىلغاندىن كىين مۆئمىن لەر

مىنك ئەهو اللەرىدىن بايان ئەيلەپ بىرمىنجى ئەهل ساوابلەر وە سىپىنى سوكرە دار بىسساواب وە سىپىنى بايان قىلدى وە ئەهل ساوابلەر وەسپىدە دىدىكە:
(وجوه يومئذ ناعمة ۸ لسعيها راضية ۹) بىر موىچە يوزلەر بار دوركە، ئۇشول قىيامەت كونىدە نورانى وە ترو تازە يانىئمەت كارامەت ئالامەتى ئاشكارا ئىلە شاد ماندور. اللە تعالى ئۇلەرغە بەرگەن نىئمەتلەرنى كوروب بودونيادە قىلغان سەئيى ئىشلەرىدىن خوش وە رازى دورلەر.
اللە سبحانە ئەهل جەننەتنى ئىككى نەرسە بىلەن وە سف قىلدى بىرى ئاشكارا وە بىرى مەخفى. ئاشكارا وە سپى ناعمە نومە دىن مشتق دوركىم ترو تازە دىمەك دور. ئەمما مەخپى وە سپى لسعيها راضية سوزى بىرلە ناعمە يوزلەركە ئىگە بولغان مؤمن لەر ئا-قىبەت ھەمدە لەرنى ئەئمال شايەستە لەرىن مركاپاتىغە يەتكەچ دونيادە خالصاً للە جد و سعى بىرلە قىلغان ئىشلەرىدىن خوش بولوپ نە ئۇبدا ان نەرسە ئىكەن ئۇسەئيى ئەمەلىمىزدىن دىپ ئىشلەرى غە تنا (سەنا) ئەيتورلەر دىمەك دور.
سوكرە اللە سبحانە دار سساوابنى يەتتە نەرسە بىرلە وە سپ قىلىپ دىدىكە:
(في جنة عالية ۱۰) بەلەن دەرىجە شارا يە تلك جەننەتدە بولورلەر.
(لاتسمع فيها لاغية ۱۱) ئۇل بەلەند جەننەتدە بىرەر سوز يالغان پايداسىز سوزنى ئىشتمەسلەر.
(فيها عين جارية ۱۲) ئۇل جەننەتدە ھەمىشە سوىى ئۇزولمەي ئېقىپ تورا دورغان چىقچە شمەلەر بار دور.
(فيها سرر مرفوعة ۱۳) ئۇل جەننەتدە بەلەند وە ئىگىز تەختلەر باردور. مؤمن لەر ئۇل تەختلەر ئۇزرە ئولتوروب اللە تعالى جەننەتدە ئاتا-قىلغان نعيم وە ملك لەرغە قاراپ تاماشا قىلادور.

(واكواب موضوعة ۝١٤) وە ئۇل ئۇزۇلمەي ئىچىپ تۇرادورغان بولاقلەر-
لېبىدە مۇئمىنلەر خالىغان وە قەستدە سۇ ئىچمەك ئۈچۈن قويىغان دەستە-
سىز كوزەلەر باردۇر.
(ونمارق مصفوفة ۝١٥) بىر بىرىنىڭ يېنىغە تىزىلغان ياستۇقلەر تەييار
هازىردۇر.
(وزرابي مبثوثة ۝١٦) ئۇل جەننەتدە مۇئمىنلەر ئۈچۈن توشەلگەن گىلەم
وە بىساتلەر باردۇر. الله تعالى قىيامەتنىڭ بولماقىنى وە ئاددەملە-
رنىڭ ئاندە بولادورغان ئەهوالى وە ماللىنى بىلدۇرگەندىن كېيىن ئۇل الله تعالى
نىڭ وجودىغە وە كامالى قودرەتىغە دالالەت قىلىدورغان نېرسەلەرنى ذكرى
قىلىپ دىدىكە!
(افلا ينظرون الى الابل كيف خلقت ۝١٧) ئايا مۇنكرلەر قىيامەتغە وە ئاندە بولا
دورغان ئەهواللەرغە ئىنكار قىلىدورلەرمو؟ وە ئۇل كۈنىنىڭ وە قوئسى الله -
قەدرىنىڭ قودرەتىدىن يىراق سانايدورلەرمو؟ هەر وەقت ئىشلەتىپ
يورمەك ئىلە دائىم كوزلەرى ئالدىدا بولغان تىۋە (توگە) لەرىغە نەزەر ئىبتبارى
ئىلە قارامايدورلەرمو؟ كورمەيدورلەرمو؟ قايداغ يەيدا بولدى قايسى
شەكىلدە الله تعالى ياراتتى.
(والى السماء كيف رفعت ۝١٨) وە هەر لەهزە كوز ئالدا بولغان ئاسمانغا قاراپ
ئويلاپ باقمايدورلەرمو؟ نەچوك بەلەند وە ئىگىز قىلىنىپ دور.
(والى الجبال كيف نصبت ۝١٩) وە ئايا كوز ئىبتبارى ئىلە تاغلەرغە باقمايدورلەرمو؟
يەر ئۈزرە قايداغ بىچە بېكىتىپ قىلىنىپ دور. ئانداغكە هيچ بىر يوندە ئىلە
ئېنى زايىل قىلالماس.
(والى الارض كيف سطحت ۝٢٠) وە ئايا- ئاياغلەرى ئاستدا بېسىپ يورە
دورغان زېمىنغە كوز اعتبارى ئىلە باقمايدورلەرمو كە ئۇل زېمىن
نەچوك تېگىز قىلىنىپ دور. زېمىننىڭ تېگىز بولماقى يومولاقلىقىغە
ئىمەس دور، چونكە هەر قاچان يومولاق چوڭ بولسا هەر پارچىسى تېگىزدەك بولور.

الله سبحانه تەھدىتغە وە سەھەت قىيامەتغە دالالەت قىلىدىغان
ئايەتلەرنى زىكرى قىلغاندىن كېيىن رسول كرىمىنى بەندەلەرغە تەن
كېر ئەيلەمەككە ئەمرى قىلىپ دىدىكە:
(فذكر انما انت مذكر ۲۱) يى محمد ئۇشبو خدانىڭ بىرلىكىغە وە قىيا-
مەتنىڭ راستلىقىغە دالالەت قىلىدورغان ئايەتلەر بىلە ئادەملەرنى
يادلاندورغيل. موشرىكلەر بو زىكرى قىلمىغان دەلىللەرغە كوز
اعتبارى بىلە فكرى قىلغوچى ئىمەسدور. سەن الله تعالى تەرەپىدىن
ئىبىرىلگەن نەسىھەتچى وە يادلاندورغوچى بولماقىڭ كورە ئۇلەرغە
نەسىھەت وە وەز ئەيلەپ الله سبحانەنىڭ بىرلىكىغە وە قىيامە-
تنىڭ ئەھواليغە دالالەت قىلىدورغان دەلىل وە بورھانلەرنى ئۇلەر-
نىڭ يادىغە سالغيل.
(لست عليهم بمصيطر ۲۲) لاكىن سېنىڭ ئەملىڭ نەسىھەت وە
مەئىزە ئەتمەكدور. سەن ئۇلەر ئۈزرە زور قىلغوچى ئىمەسدورسەن.
مۆمىن بولماق ياكى موشرىك بولماق ئۇلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارىغە قويولغاندور:
(الا من تولى وكفر ۲۳) كېيىن ئول كىشىكە دىن ھەقدىن يوز ئويوردى
ياكە وەز نەسىھەت بىرلە خدانىڭ بىرلىكىغە چىنلاغوچىدىن يوز ئويور
دى - وە كوفردە سابىت بولدى.
(فيعذبه الله العذاب الاكبر ۲٤) ئول كىمسەنى الله تعالى قاتتىغ بويوك عذاب
بىرلە قىنايدور. الله ذو الجلال كوپپار شاقاوەت قاللەرنى ئازاب ئەتكە-
ئىلە ئازاب قىلماقىغە تعليل ئۈچۈن دەيدوركە:
(ان الينا ايابهم ۲٥) تەھقىق ئۇلەرنىڭ ئۆلوم وە تىرگوزمەك ئىلە يانماق-
لەرى بىزنىڭ تەرەپىمىزغە غىنەدور. بىزدىن باشقا كىمسەغە نە ئىستىقلالەن
وە نە ئىشتىراكەن يانماق ئىمەسلەر.
(ثم ان علينا حسابهم ۲٦) سوڭرە ئۇلەرنىڭ ھىسابى تەھقىق بىزدەدور.
بىزدىن باشقە كىمسە ئۇلەرنىڭ ھىسابىغە مالىك بولالماس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىرگىنە ھەق ۋە ئادالەت ئۈزرە ھېساپ ئېلىپ ھەركىمسەنىڭ ئىشىغە كۆرە جازا
بېرادۇرمىز.

## 89- سورة الفجر مكەدە نازىل ئولمىش -
## ئايەتلەرى 29 دۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(والفجر¹) قەسەم قىلىمەن بامداد ۋەقتى بىلەن كە- ۋەقتلەرنىڭ
ئۇلۇغلەرىدىن دۇر-

(وليال عشر²) ۋە قەسەم قىلىمەن ئون كېچە بىلەن كە- ذوالحجە نىڭ ئەۋۋەلى
دىن تائونىغىچە بولغان كېچەلەردۇر- بۇئون كېچە ھەممە كېچەلەرنىڭ ئۇلۇغىدۇر.

(والشفع والوتر³) ۋە قەسەم قىلىمەن جۈفت ۋە تاق نەرسەلەر بىلەن
ياكى قوربان عيد كۈنى بىلەن ۋە عرفات كۈنى بىلەن. چونكە قوربان ئەيد كۈنى
ذوالحجە نىڭ 10 نچى كۈنىدۇر. بۇ سان جۈپ دۇر يەئنى جۈپ ۋە ئەرەفات كۈنى
ذوالحجە نىڭ 9 نچى كۈنىدۇر. ۋە بۇ ترى (تاق).

(والليل اذا يسر⁴) ۋە قەسەم قىلىمەن كېچە بىلەن شۇنداغ ئاجايىپ ھەركەت
قىلسا، ياكى موزدەلەپە كېچىسى بىلەن، ۋەقتى كە ھاجىلەر ئول كېچىدە عرفات
دىن ئەرەپاتدىن موزدەلەپەغە ماڭادۇرلەر.

(هل في ذلك قسم لذي حجر⁵) ئايا ئۇشبو نەرسەلەر ئىلە قەسەم قىلماق بارمۇدۇر؟
ئەقل ئىگىسى بولغان كىشىلەر ئۈچۈن يەئنى مەئرىپەت ۋە ھەقىقەت نورى ئىلە مو-
نەۋۋەر بولغان ئەقىل نىڭ ئىگىسى بولمىش كىشىلەر. بۇ نەرسەلەر بىلەن
ئىجابىل ۋە تەئزىم جەھەتىدىن قەسەم قىلماقنى لايىق كۆرەدۇرلەرمۇ؟ بۇ نەر
سەلەر بىلەن قىلىنغان قەسەم ئاقىللەر نەزەرىدە مەقبول بولوپ ئۇلەر
ئۈنى مۇئتەبەر بىلىدۇرلەرمۇ؟

(ألم تر كيف فعل ربك بعاد ۝ إرم ذات العماد ۝ التي لم يخلق مثلها في البلاد ۝)
ئى محمد (ص) سىنىڭ رەببىڭ الله تعالى پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى ئېتىپ ئىناد پىشە گۇناھكار
لەرنى ئازاب ئەتمەكتە وە وجودلەرنى بەرباد ئەيلەمەكتە ئەلبەتتە قادىر
دۇر. ئايا بىلمەس مىكمۇ كە سىنىڭ رەببىڭ ارم (ئىرەم) ئاتالغان عاد قومىغە
قايسى كە يېپىسە تەتە ئۇلەرنى بەرباد قىلدى. ئۇل عاد (ئاد) قومى وە ارم
خەلقى ئانداغ بويلۇق ئېگىز وە قۇووەتلىك قەوملەر ئېدىكە ئۇلەرنىڭ ئوخ
شاشى دونيادىكى شەھەرلەردە پەيدا قىلىنمەدى - يەئنى زېمىن ئۈستىدە
ئادەمدىن ئۇل قەومغە ئوخشاش ئۇزۇن بويلۇق وە قۇووەتلىك كىشىلەر بولمادى
(وثمود الذين جابوا الصخر بالواد ۝) وە يەنە ئى محمد (ص) پەروەردىگارىڭ نىڭ
سەمود قومىغە ئازاب ئېبەرىپ ئۇلەرنى قايسى كە يېپىسە تەدە ھىلاك قىلغا-
نىغە مطلع بولماد ىكمۇ؟ ئۇل ثمود قەومى ئانداغ ئادەملەر ئېدىلەر كە،
وادى القرى (وادىيە لقورا) - تاشلەرنى كېسىپ چوڭ تاشلەردىن ئۆيلەر
ياساد ىلەر.

(وفرعون ذى الاوتاد ۝) وە ھەم ئى محمد (ص) رەببىڭ ئەوتاد ئېگىسى ئۇلان فرعونغە
نەچۈك ئازاب تۇشۇروب ھىلاك ئەتتى، ئايا بىز نىڭ خەبەرلەرىمىز سىلە ئاڭا
مطلع ئولماد ىكمۇ؟ فرعون نى ذى الاوتاد دىمەك ئېنىڭ ئەسكەرىنىڭ
تولالىقىدىن وە ئۇلەرنىڭ چادىرلەرىنىڭ كوپ لىكىدىن ئېبارەت دۇر.

سوكرە الله تعالى ئۇل زكرى قىلىنغان قەوملەرنىڭ ھىلاكى ئەبەدىغە
ئۇچرىماق لەرىغە سەبەب بولغان يامان سوپەت لەرنى بايان قىلىپ ئەيتەدۇر:
(الذين طغوا في البلاد ۝) ئۇل دوچار ئازاب ئولغان عاد وە ثمود وە فرعون
ئانداغ ئادەملەر دۇركە شەھەرلەردە ئېنسانىيەت شەئنىغە مۇناسىپ
ئىمەس بوزوقى ئىشلەرنى قىلد ىلەر. يەئنى ئۇقتىدار وە قۇووەتلەرى
وە تمدن (مدنيت) بابىدەكى ماھارەت لەرنى وە شەوكەت وە پادىشالىق
لەرنى بوزوق ئىشلەردە وە ئادەلسىز قانونى تاشىدا ئىستىئمال ئەتتى لەر.
وە ھەر خىل گوناھلەرنى قىلد ىلەر. وە رەئىيەلەرىغە جەورى زۇلۇم قىلد ىلەر.

(فاكثروا فيها الفساد ۝١٢) ئۇل طاغىلەر (تاغىلەر) كوپرى ۋە شرك
وظلم (زولمى) ۋە ھەممە گوناھلەرنى قىلماق ئىلە شەھەرلەردە كوب بوزوق
لوق قىلدىلەر.

(فصب عليهم ربك سوط عذاب ۝١٣) ئى محمد(ص) رەببىڭ ئۇل قەۋملەر
ئۈزرە ئۇلەرنىڭ يامان ئىشلەرنى تولا قىلماقلەرى سەببى ئىلە ئازاب قامچىسىنى
توكتى. يەئنى قامچى كوپ تاسمالەردىن جەمئى لانىپ ئۇرولغاندەك ھەرخىل
دىن مورەككەپ بولغان ئازاغ قاتتىغ نەرسەدىن دائمى يىپەردى كە ئىنىڭ
غايەتىنى ئىدراك ئەتمەك مومكىن ئىمەسدۇر.

(ان ربك لبالمرصاد ۝١٤) ئى محمد(ص) سېنىڭ رەببىڭ نىڭ ئۇل قەۋملەر
ئۈزرە خەبەردۇر. ئۇلەرنىڭ كىردار ۋە گفتارلەرىغە ۋە جەمىئ ئەھوال
ۋە ئەتوارلەرىغە قاراپ قىلغان ئەمەللەرىنىڭ كىچىك چوڭ لەرىنى بىلىپ
تورغوچى دانادۇر.

(فاما الانسان اذا ما ابتليه فقدر عليه رزقه ط فيقول ربي اكرمن ۝١٥) ئەگەر
ئىنسان ھەر قاچان پەرۋەردىگارى ئىنى بايلىق ۋە بەختىيارلىق ئىلە
ئىمتىھان ئەيلەپ مال ۋە جاي ئىلە ئەنى ئەزىز ۋە موكەررەم قىلسا ۋە
نىئمەت بېرگەن ئىلە مۇنەئەم ئەتسە - ئۇل ۋەقتدە ئۇل ئىززەت ۋە دەۋلە
لەر محض تفضل ۋە احسان الٰهى ئىلە بولماقىنى ياددىن چىقارىپ ئىيتادۇر كە!
پەرۋەردىگارىم ماڭا بايلىق ۋە نىئمەتلەر ئاتا قىلماق ئىلە مېنى ئىكرام
قىلدى. يەئنى مەن الله تعالى نىڭ نىئمەت لەرىغە موستەھىق ئىكەنىم
ئۈچۈن بو نىئمەتلەرنى رەببىم ماڭا ئاتا ئەيلەپ مېنى ئەزىز ۋە موكەررەم
قىلدى دەپ ئۈزىنى لايىق نىئمەت كورمەك ئىلە شوكرى نىئمەت قىلماقنى
ياددىن چىقارادۇر.

(واما اذا ما ابتليه فقدر عليه رزقه ط فيقول ربي اهانن ۝١٦) ۋە ئەمما
ھەر قاچانكە پەرۋەردىگارى ئىنى ئىمتىھان قىلسە پەرۋەدىگارى
ئاڭا مەئىشەتىنى تەڭ قىلىپ ئەنىكە مەبەغەل ھالەتىغە توشورسە -

بۇ ھالەتتە ئىنسان قۇسۇرى نەزەرى ئىلە ۋە سۇئى جەھەتتىن —
پەرۋەردىگارىم مېنى يوقسۇز ئەتمەك ئىلە خار ۋە زەلىل قىلدى دەيدۇر
ۋە خۇدانىڭ نەزەرىدە خار ۋە پەقىر بولغان بەندەنىڭ ئەمەلىنىڭ
نەمە قەدرى ئېئتىبارى بولۇر دەپ شەرئەت ئەمرى قىلغان ئەمەللەرنى
قىلماققە كۆڭۈل قويماس. بەلكى كامال نارازلىقدىن شەرئەت توختات-
غان ھۇدۇدلەردىن تاجاۋوز قىلۇر — يەئنى ئىنساننىڭ سۈپەتى بۇيلە
دۇر. نېئمەتكە شۈكۈرى قىلماس، ۋە پەقىرلىققە سەبرى قىلماس.
(كلا بل لا تكرمون اليتيم ١٧ ولا تحاضون على طعام المسكين ١٨) ئى ئىنسانلەر بەلكى
سىزلەرنىڭ ئۇل ئەقۋال سابىقەلەرىڭىزدىن ئۆشبۇ ئەفئاللەرىڭىز يامان
راقدۇر. سىز ئىنسانلەرنىڭ ئاخىرەتدىن بەلكە ئىنسانىيەت سۈپاتىدىن
غافىل ئولۇپ ئەھۋال دۇنيەۋىيە (دۇنياۋى) موھەببەتكە جان ۋە كۆڭلى
ڭىزلە چومگەنىڭىزگە ئۆشبۇ ئەھۋالى ناچارلەرىڭىز دەلىل دۇركە،
اللە تعالى سىزلەرنى كۆپ ئەھۋال ۋە كەتتە موسىبەت ئىلە موكەررەم-
ئەيلەگەنىنىڭ شۈكرىنى بېجا كەلتۈرمەيسىز، يېتىم ۋە غەرىپ لەرپەرۋەر-
لىك ھوقۇقىنى ئادا ئەيلەماسسىز. يېتىملەرنى ئىكرام ئەيلەمەك ئۈچۈن ئۇلە-
رنىڭ يېمەك ئىچمەك ۋە كىيىم كېچەكلەرىنى ئامادە قىلماي سىز ۋە مىسكىن
غەرىپلەرگە ئۆزىڭىز يېمەك بەرمەگەنىڭىز تاشقىدا ئۆزگەلەرنى
ئول بىچارەلەرگە اطعام و احسان ئەيلەمەككە تەرغىب ۋە تەش-
ۋىق ئەتمەيسىزلەر. ھال بۇكە فقرالەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز بىگىز-
خە بەر ئەلىپ تۇرماقدىن تاشقىرى بىر بىرىڭىزنى خەبەر ئېلىپ
تۇرماققە تەرغىب ئەيلەمەك سىزلەرگە لازىم دۇر.
(وتأكلون التراث اكلا لما ١٩) ۋە يەنە ئى ئىنسانلەر سىزلەر مىراسنىڭ
ھالال ۋە ھارامىنى تەكشۈرمەي ئارالاشتۇرۇپ يەيسىزلەر.
(وتحبون المال حبا جما ٢٠) ۋە يەنە ئى ئىنسانلەر سىزلەر مالنى تولاقاتتىق
موھەببەت ئىلە دوست تۇتارسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھالال ۋە ھارامىنى پەرق-

ئەتمەي ميراث مالىنى وە ئاندىن ئۆزگە شۇبھە وە ھارامنى ئارىلاشتۇ-
رۇپ يەيسىز. وە مالنىڭ ھەق واجىبى زاكاتىنى ئادا قىلمايسىز.
سۈرە الله تعالى مەزكۇر دەھشەتلىك كۈننىڭ ئۈچ سۈپەت ئىلە
مەۋسۇپ ئولۇپ واقىئ بولغان سائەتىدە ئىنسانغە ئول ھەسرەت وە
نادامەتلەر ھاسىل بولماقدىن خەبەر بېرىپ ئەيتىپ دۇر.
(كلا اذا دكت الارض دكا دكا ٢١) وەقتىكە يەرنى سىلكىتمەك ئارقاسى
دىن سىلكىتمەك ئىلە زىلزىلەغە كەلتۈرۈلۈپ تاغلەر پارە-پارە قىلىنسە
(وجاء ربك والملك صفا صفا ٢٢) وە پەرۋەردىگارىڭ يا محمد (ص) خەلق
نىڭ ھىساب وجازاسىغە ھازىر ئولسا وە فىرىشتەلەر تىزىم-تىزىم ئارقا
ئارقادىن مەھشەرگە كەلسە.
(وجايء يومئذ بجهنم يومئذ يتذكر الانسان وانى له الذكرى ٢٣) وە يەنە ئول
قورقونچلۇق كۈندە دەۋزەخنى كەلتۈرۈلسە، ئول روز ندامەت ئەندوزرە غەپ-
لەتدىن ئويغاتىپ ئىنسان دونيادا غەپلەتدە ئۆتكەن كۈنلەرنى يادىغە كەلتۈرۈر.
ئەمما ئول كۈندە ئول موتەزەككىر ئولۇپ نادامەت ئەيلەمەك نىڭ پايدەسى
پايدا ئولورمو؟ ھىچ بىر پايدا بولماس، چونكە توبەنىڭ قبول بولۇش وەقتى
ئۆتكەن. ئاخرەت بولسا دار تەكلىپ ئىمەس دار جازا دۇر.
(يقول ياليتني قدمت لحياتي ٢٤) جەھەننەمنى كۆرگەندە ئىنسان ھەسرەت
چېكىپ ئەيتەدۇر: ئى كاشكى ئاخرەتدىكى دائىمى پايدالىق ھاياتىم ئۈ-
چون دونيادا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئۆزۈمدىن ئىلگىرى يىبەرگەن
بولسام ئىدى. بۇ كۈندە ماڭا پايدە بېرور ئىدى. يا كاشكى دونيادەكى
ھاياتىمدا ياخشى ئەمەللەر تەقدىم قىلغان بولسام ئىدى، بۇكۈن مېنى ئازاب-
دىن وە دەھشەتدىن قۇتقوزار ئىدى دەرلەر.
(فيومئذ لا يعذب عذابه احد ٢٥ ولا يوثق وثاقه احد ٢٦) ئول كۈندە ھىچ
كىشى الله تعالى نىڭ عذابىغە ئىگە بولمايدۇر. وە ھىچ كىشى الله تعالى
نىڭ بەند قىلماقى وە ھەپسە قىلماقىغە ئىگە بولماقىغە قادىر ئولمايدۇر.

ئول كونى ههممه حكم وه پهرمان الله تعالى عظم شأنغه خاس دور. كافرلهرنى ئهنواع ئوقوبهت ئىله ئازاب ئهيلهپ مؤمنلهرغه خىل-خىل ئهجرى وه ساوابلهر بهرمهكغه ئوزى موباشىر دور. ئاندىن ئوزگه هيچ كيمسهنىڭ ههققى يوقتور. ياكى هيچ بىر كىشى ئول كونده الله تعالى نىڭ ئازابىغه ئوخشاش ئازاب قىلماقغه قادىر بولمايدور. وه هيچ بىر كيمسه الله تعالى نىڭ ئاسىلهرنى زهنجىر ئىله باغلاغانىغه ئوخ-شاش باغلىيالمايدور.

سوڭره الله تعالى دونياغه كوڭول باغلاغانلهرنىڭ هالىنى بايان قىلغاندىن كيين الله تعالى نىڭ مهئرىپهتى وه ئوبودىيهتىغه كوڭول باغلاپ ئانده سابت وه بهرقارارلهر هالىنى وهسىپ قىلىپ ئهيتىپ دور:

(يٰٓأَيَّتُهَا النَّفْسُ الْمُطْمَئِنَّةُ ﴿٢٧﴾ ارْجِعِي إِلَىٰ رَبِّكِ رَاضِيَةً مَرْضِيَّةً ﴿٢٨﴾ فَادْخُلِي فِي عِبَادِي ﴿٢٩﴾ وَادْخُلِي جَنَّتِي ﴿٣٠﴾) قىيامهت كونده خهلق غايهت قورقونچلىق وه ناهايهت دههشهتده تورغان هالده الله سبحانه تهرهپىدىن مؤمىنلهرغه خىتاب قىلىپ ئهيتورلهركى: ئى الله تعالى نىڭ يادى وه بىركامالى بىلهن قارار ئالغوچى ئى ههر بىر قورقونچلىق وه نادامهت بىقارار بولماى خاتىردىن ئامانده بولغوچى كوڭول. الله تعالى قاشىده مرضى وه مهقبوللوق مهرتبهسىغه پهروهردىگارىڭ نىڭ وه ئىده قىلغان ساواپ وه رضوانىغه يانغىل-مىنىڭ سالىه بهندهلهرىم زومرهسىغه داخىل بولغىل وه ئول بهنده سالىهلهرىم ئىله جهننهتىمغه كىرگىل.

## 90- سورة البلد مكه ده نازل ئولمش

آيتلهرى 20 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(لا اقسم بهذا البلد ﴿١﴾) قهسهم قىلمهن ئوشبو بلد الله الحرام ئولان

مەككە شەھىرى بىلەن.

(وانت حل بهذا البلد ۲) ۋەھالانكى نبى محمد(ص) سەن ئۇشبۇ شەھەردە ئاقامەت ئەتكۈچى ۋە ئاندە تۇرغۇچى دۇرسەن. يەئنى نبى محمد(ص) ئۇشبۇ خەير بىلىقاء ئولغان مەككە شەھىرى خەير بىلئىباد بولغان سىنىڭدەك پەيغەمبەرگە رەھنە لۇي ۋە جاي بولغان ئۈچۈن ئىنىڭ ئىلە قەسەم قىلىمەن. بۇ مەككە ئىچىدىكى بيت معظم (بەيت مۇئەززەم) ئادەملەرغە قىبلە ۋە ھىدايەت بولغان كەبى ئىنسانلارغە سەن پىشۋا ۋە ھادى دۇرسەن دېمەكدۇر.

(و والد وما ولد ۳) ۋە قەسەم قىلىمەن ئاتا بىلەن كە ابراهيم عليه السلام دۇر ۋە مولود عجيب الشأن بىرلەكە نبى محمد(ص) سەندۇرسەن. و والد وما ولد دىن بۇ مەئنىنى ئىرادە ئەتمەك ئەۋۋەلقى قسم مەككە شەھرىغە بولماق مۇناسىبەتى ئۈچۈندۇر. چۈنكى الله تعالى نىڭ ئەۋۋەلەن مەككە بىلە قەسەم قىلماقىغە والد دىن مراد بانى بەيتۇللا ئولغان ابراهيم عليه السلام وما ولد دىن مراد ئۇل بەيتۇللانى بۇتلار ۋە مۇشرىكلەردىن پاك قىلغۇچى خاتم النبيين والمرسلين محمد صلى الله عليه وسلم بولماق مۇناسىب كۆرۈنادۇر. سۇڭرە الله تعالى ئۇشبۇ زىكرى قىلغان قەسەم بيت الله نىڭ فضيلت ۋە شەرەفى جەھەتىدىن ئۇلەر بىرلە قەسەم قىلىپ ئەيتەدۇركە:

(لقد خلقنا الانسان فى كبد ٤) ئەلبەتتە تەھقىق بىزكە واجب الوجود ۋە خالىقى بى نەزىر دۇرمىز. ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتدە زەھمەت ۋە مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتدۇق. ئىنسان دۇنيادا مائاش تەلەبىدە ھەمىشە مۇشەققەتدە ئولور. ۋە بىزنىڭ ئۇئەمرى ۋە ناۋاھىمىزغە موخالىفەت ئەيلەپ بىزگە ئاسى ئولسا ئاخىرەتدە ھەم مۇشەققەت ۋە ئازابدە ئولغۇسىدۇر.

سۇڭرە الله تعالى ئەشياء مەزكورە بىلەن قەسەم قىلىپ ئىنساننى رەنجى ۋە تەئەبدە ياراتقاننى بايان قىلىپ ئۇز پەيغەمبەرىغە تەسەللى ۋە قۇرەيش ئەزىيەت ۋە جاپاسىنىڭ رەنج ۋە كۈلپەتىنى چېكمەكغە

سەبرى ۋە سەباتكۆرگۈزمەكتە ئەھرىز ئەيلىگەندىن كېيىن ئۇل ھەزرەتكە
ئەزىيەت ۋە جاپا رەنجىنى راۋا كۆرگەن مۇئانىدلەرنىڭ بەئزىسىنىڭ ھەققىدە
ۋەئىد بويىچە روب ئىپتادۇر :

(ايحسب ان لن يقدر عليه احد ۝٥) ئۇزىنىڭ قۇۋۋەت ۋە زورىغا مەغرۇر
ئولوپ رەسۇلۇللاھقا ئىپتىدا كۆرگۈزگەن ۋە ئاڭا ئەزىيەت ۋە جاپا رەنجىنى
چەككۈرمەكگە سەئيى قىلغان كافىر ئۇزىدىن ئىنتىقام ئالماققا ھېچ كىمنىڭ
قۇدرىتى يەتمەيدۇر دەپ گۇمان قىلىدۇرمۇ؟

(يقول اهلكت مالا لُبَدًا ۝٦) ئۇل كافىر ئەيتادۇر مەن تولا پول ماللەرنى
جاھىلىيەت تەرىقەسىدە رىيا ۋە تەپاخۇر ئۈچۈن بەخشىش ئەمەللارغە
سەرپ ئىتىپ ھىلاك ۋە زايا قىلدىم بۇگۈن ئۇل مال لەر ماڭا ھېچ پايدە
بەرمىدى لەر دەيدۇر،

(ايحسب ان لم يرَهُ احد ۝٧) ئايا ئۇل مەغرۇر مۇئانىد مالىنى ئۇرۇنسىز يەر
لەرغە سەرپ ئىتىپ بۇزۇپ قىلغانىنى ھېچ كىشى كۆرمىدى دەپ گۇمان قىلا
دۇرمۇ؟ ھالبۇكى اللە تعالى ئىنى كۆرۈپ تۇرۇر ۋە ئىنىڭ نىيەتىنىڭ
يامانلىقىغە ۋە ئىچىنىڭ بۇزۇقلىقىغە مطلع دۇر. ئىنىڭ بۇزۇپ
سەرپ ئەتكەن پول ماللەرى توغرىسىدە ئىنى سوراپ مۇئاخەزە
قىلىب ئاڭا جازا بېرەدۇر.

(الم نجعل له عينين ۝٨ ولسانا وشفتين ۝٩ وهديناه النجدين ۝١٠) ئايا
ئۇل ئىنسان ئۇچۇن ئىككى كۆز يارا تمەدۇقمۇ؟ تاكە كۆرە لەدۇرغان نەرسە
لەرنى ئۇل كۆزلەر بىلەن كۆرسۇن دىمەك ئۇچۇن، ۋە يەنە ئىنسان ئۇچۇن
تەرجىمان دىل بولغان تىلنى ۋە سۆزلىمەكدە ۋە يىمەك ئىچمەكدە ۋاستە
ۋە مۇئىن بولادورغان ئىككى لەبنى (كالپۇكنى) خەلقە تمەدۇكمۇ؟ ۋە يەنە
بو نېئمەتلەرنى بېرىب ئىنساننى ياخشىلىق ۋە يامانلىق يولىغە ھىدايەت
ئەتتۇك. يەئنى ياخشى ۋە يامان يولنى پەرق قىلادورغان ئاڭا ئەقل بەردۇك.
ۋە ياخشى - يامان يولنى ئاڭا بايان قىلادورغان شرعنى ئاڭا بېرەردۇك،

(فلا اقتحم العقبة ١١) ئىنسان كوڭلىغە موخالىپەت ئەيلەپ نەپس ئامارە
سىنىڭ خاھىشىنى تەرك ئېتىپ جاھاد نەپس قىلماق ئىلە ئەمال خەير
قىلماقغە ئىقدام قىلمىدى (اقتحام لوغەتدە بىر قاتتىغ ئىشغە بى فكرى
داخل ئولماق دور) وە عقبە تاغدىكى موشەققەتلىك تيك يولدۇر
عقبە كەلىمەسى موندە ئىنسان كوڭلى وە هەواسى وە شەيتان ئىلە
جاھاد قىلماقدىن كينايە دور.

(وما ادريك ما العقبة ١٢) ئى محمد (ص) عقبە نىڭ نىمە دىن بولغان ئىكەنىنى
ساڭا نىمە نەرسە بىلدوردى. يەئنى كيم بىلدوردى. كيرەك ئى نىمە
ئىكەنىنى ساڭا بىز بىلدوردوك عقبە مانا بو ذكرى قىلىنادور
غان نەرسەدىن عبارەتدوركە: اول؛
(فك رقبة ١٣) قول وە كەنىزلەرنى قول لىقدىن ئازاد قىلماقدور.

امام احمد وابن حبان والبيهقى براء بن عازب رضى الله عنه دىن
راويەت قىلىپ دورلەر. براء دىمىشكە: اعرابى رسول الله صلى الله
عليه وسلم نىڭ حضورى سعادتىغە كەلدى وە ديدى كە: يا رسول الله
مىنى بىر ئەمەل خەيرىيەت دالالەت قىلغىلكە ئول ئەمەل خەير مىنى
داخل جەننەت قيلغاى. رسول الله ديديكە: اعتق النسمة و فك الرقبة-
يەئنى بىر جاننى قول لىقدىن ئازاد قىلغىل وە يا گردىنى ئەسىر وە مەرھون
ئولغان بىر ئينسانىنى خالاس ئەيلەگىل. ئەئرابى ديديكە: ئى رسول الله
ئايا عتق النسمة و فك الرقبة هەر ئىككىسى بىر نەرسە ئيمەسمودور؟
رسول الله ديديكە: هەر ئىككىسى بىر مەئنىدە ئىمەسدور. عتق النسمة
ئولدوركە. سەن ئوز ۋەكلا بىر قولنى ئازات قىلغايسەن وە فك الرقبة-
ئولدوركى گەردەنى ئەسىر ئولغان قول نىڭ باھاسىغە ياردەم قىلغايسەن.

(او اطعم فى يوم ذى مسغبة ١٤) ياكى آچلىق ئېگىسى بولغان كوندە يەئنى قاتتىغ-
آچلىق بولغان كون لەردە ييمەك ييدورمەك دور.

(يتيما ذا مقربة ١٥) توققان بولغان يتيمگە ييمەك ييدورمەك.

(او مسكيناً ذا متربة ۝١٦) ياغايەت كەمبەغەللىكدىن توپىراققە ياپىشماق
دىن ئۆزگە هېچ نەرسەسى بولمىغان مىسكىن زارغە كە دونيالىقدىن
هېچ نەرسەغە مالىك ئەمەسلىكدىن خاكسار دور. يەئنى ئاچلىق هوكمى
سورگەن كونلەردە بوئىشكى خېلى موهتاجغە يەمەك بەرمەك

(ثم كان من الذين آمنوا وتواصوا بالصبر وتواصوا بالمرحمة ۝١٧) —
سوكوه بونداغ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلەر ئانداغ لەردىن كە ئولەر
راست دىل بىرلە محمد عليه السلامغە ايمان كەلتوردىلەر. وە بىر-بىر
لەرنى تائەت وە ئىبادەت موشەققەتىغە سەبرى ئەتمەككە وە گونالەرنى
تەرك ئەتمەككە چىداملىق كورسەتمەككە تاكىدلەبويروشتىلەر.
وە هەم خودانىڭ بەندەلەرىغە رەهمەت وە شەپقەت قىلماققە بىر-بىرلەرىغە
وەسىيەت قىلىشتىلەر.
(أولئك أصحاب الميمنة ۝١٨) ئولەر يەئنى الله تعالىغە ئىمان كەلتورمەك
وە تائەت قىلماقغە بىر-بىرلەرنى بويروشماق وە هەم رەهمەت وە شەفقەت قىلماققە
بىر-بىرلەرنى وەسىيەت قىلىشماق، خىسلەتلەرنى ئىگەسى ئەمەلە موتتەسىپ
بولغان كىشلەر- قىيامەت كونى نامە ئەئماللەرى ئوڭ قوللەرىغە بىرەلە
دورغان كىشلەر دور.
(والذين كفروا بآياتنا هم أصحاب المشأمة ۝١٩) وە ئانداغ ئادەملەر كە
بىزنىڭ ئاياتىمىزنى يەئنى قورآنغە ئىنكار قىلدىلەر. ئول ئادەملەر
قىيامەت كونى نامە ئەئماللەرى سول قوللەرىدىن بىرىلەدورغان
ئادەملەر دور.
(عليهم نار مؤصدة ۝٢٠) ئول شوملوق ئىگىلەرى ئولغان كافرلەرغە
بولور دەوزەخدە ئىشكى باغلانغان ئوت.

91 ـ سورة الشمس مكەدە نازل ئولمىشى
آيتلەرى 15 دور.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بسم الله الرحمن الرحيم

(والشمس وضحىها ۝١) قەسەم قىلىمەن قوياش بىرلە ۋە ھەم قوياشنىڭ روشەنلىقى بىرلە.

اللە سبحانە نىڭ قوياش ۋە ئۇنىڭ روشەنلىقى بىلە قەسەم قىلماقى مەسالىھە ھاياتىيە سىنىڭ تولىسى قوياشغە موتەئەللىق بولماقى ئۈچۈندۇر.

(والقمر اذا تلىها ۝٢) ۋە قەسەم قىلىمەن ئاي بىلە. ۋە قاچانكە ئاي قوياشغە تابىئ ئولور. ئاي نىڭ ئون ئۈچىنچى ئون تۆرتىنچى ئون بەشىنچى كېچىلەردە بولۇر كىم ئول كېچىلەر تامام روشەنلىقدە كېچەلەر ئول كېچەلەردە ئاينىڭ چىقىشى قوياش باتقان ۋە قاچاندە ئاي چىقماقدە ئولور دېمىشلەر. بو سوزغە كورە ئاينىڭ كامالغە يېتىپ قوياشدىن ئالغان يوروق شولە كېچىنى يورۇق قىلغان زامانى بىلە قەسەم واقىئ بولغان بولودور.

(والنهار اذا جلىها ۝٣) ۋە قەسەم قىلىمەن كۈندۈز بىلە ۋە قاچانكە ئول كۈندۈز قوياشنى ئوچۇق قىلاندۇرۇپ ئاشكارى قىلسا. تەجەللىيە لوغەتدە بىر نەرسەنى ئاچماق ۋە ئايان قىلماق مەئنىسىدەدۇر.

(والليل اذا يغشىها ۝٤) ۋە ھەم قەسەم قىلىمەن كېچە بىلەن ۋە قاچانكە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى قوياشنىڭ نۇرىنى ياپادۇر. ۋە ھەر بىر شەھەرنىڭ ئۆزىگە مەخسۇس بولغان ئوپوقىنى قاراڭغۇلوق ياپادۇر.

(والسماء وما بنىها ۝٥) ۋە قەسەم قىلىمەن ئاسمانلار بىلەن ۋە ئۇنى ياسىغان قادىر مۇتلەق زىشان بىلەن.

(والارض وما طحىها ۝٦) ۋە قەسەم قىلىمەن زېمىن بىلەن ۋە ھەم ئۇنى ياياغان رب العالمين «رەببىل ئالەمىن» بىلە.

(ونفس وما سوىها ۝٧) ۋە قەسەم قىلىمەن ئىنساننىڭ كۆڭلى بىلە

وە ئۇل كۆكۈلنى پارا بەرئەتكەن ئاللاھ تائالا بىلە. كۆكۈلنى پارا بەر
قىلماقدىن مىراد ئىنىڭ جەمئى ئەھۋالىنىڭ كامىل وە تامام ئۆزرە
بولماقىغە سەبەب بولا دۇرغان قۇۋالىكى كە سىرەنى ئاڭا ئاتا قىلماق
دۇر. ئۇل قۇۋالەرنىڭ بەزىسى مەھرىكە دۇركە ئۇل قۇۋۋەت
شەھۋىيە وە غەزەبىيە دىن ئىبارەتدۇر. وە بەزىسى قۇۋۋەت
مەدرەكە دۇركە ئۇل ئۇن دۇر بەشى ھاۋاس زاھىر وە بەشى
ھاۋاس باتىنە دۇر. وە بەزىسى مەھرىكە مۇشەممەس وە مەدرىكە
مۇشەممەس دۇر. وە ئۇلەر غازىيە وە نامىيە وە جازىبە وە ھازىمە
وە مولدە (مەولىدە) وە ماسىكە وە دافىئە دۇر.

(فالهمها فجورها وتقوٰيها ۝) الله تعالى ھەربىر كۆكۈلگە فىسق وە
تەقۋانى بىلدۈردى. يەئنى ياماندىق وە ياخشىلىقنى بىلە لەيدۇرغان
ئەقىل قۇۋۋەسىنى بەردى وە فجور و تقوى نى ئاڭا ئۇقتۇردى. وە
ئۇلەرنىڭ يامان وە ياخشىلىقىنى ئاڭا تونۇتتى. وە ئاندىن قايسى بىرىنى
خالىساڭىنى ئىختىيار ئەتمەككە سەرەبەس وە مۇمكىن قىلدى. بۇ ئاتا
لەمدە ھەر يامانلىق ياخشىلىقتى ئىش ئاندىن سادىر ئولسە، كۆكۈل
نىڭ ئۆز خاھىشى وە ئىرادەسى ئىلە سادىر ئولوپ ئىنىڭ جازاسى كۆكۈل
ئۆزىغە يېتە دۇر.

(قد افلح من زكىها ۝) تەھقىق سائادەت ئەبەدىغە يېتىب فائىدە قىلدى
كىمىكە ئۆز نەپسىنى يامان ئەمەللەر وە پەس ئەخلاقلەردىن پاك ئىتىب
ھەر قىسمى ئىلمى وە ئەمەل لەر تەھسىلى ئىلە ئىنى ئۆستۈرۈب بەلەند
قىلدى.

(وقد خاب من دسّٰها ۝) وە تەھقىق دۇنيا وە ئاخىرەتدە ھەقىقى
سائادەتتىن يەتمەي نائۇمىد وە زىيانكار ئولدى. كىمىكە يامان ئەمەل
لەرنى قىلماق پەلىد ئەخلاقلەر ئىلە مۇتتەسىپ ئولماق بىرلە ئۆز
نەپسىنى كام وە پەس قىلدى.

(كذبت ثمود بطغويها ۝١١ اذ انبعث اشقيها ۝١٢) ئى محمد (ص) قايداغكى مەككە
ئەھلى سېنى يالغان قىلورلار شونگا ئوخشە ثمود (سەمۇد) قەۋمى
كۇپرى ۋە تۇغيانلەرى سەۋەبى بىلە پەيغەمبەرلەرى صالح (سالىھ) عليه السلام
نى يالغان ئەيتتىلەر. ئول زامانكە ئول سەمۇد قەۋمى نىڭ ئىڭ شە
قىيسى ئۇلغان، قەدار بىن سالىف ھەزرەتى سالىھ ئەلەيھىسسالام نىڭ
مۇئجىزەسى ئۇلغان تۆگەنى بوغوزلىماققە تېز بىلە قوپتى.
(فقال لهم رسول الله ناقة الله وسقيها ۝١٣) الله تعالى نىڭ پەيغەمبەرى
صالح عليه السلام ئول سەمۇد قەۋمىغە دېدىكى الله تعالى نىڭ
تۆۋەسىغە سۇئ قەس ايتىپ زەرەر يەتكۈزمەكدىن ئاگاھ بولوڭ،
وە ئول تۆگەغە خاس بولغان سۇنى ئىچمەك كۈندە ئىنىڭ نەۋبەسى
دىن ئىنى توسماڭ.
(فكذبوه فعقروها ۝) ئول سەمۇد قەۋمى الله نىڭ رسول نىڭ
ئى قەۋم ئەگە تۆگەغە يامان قەس قىلسەڭىز گېرىپتار ئازاب بولوسىزدە،
ئازاب ئېلاھى نۇزولى بىلە ئەنذار قىلماقدە ئىنى يالغان قىلدى لەر.
رسول الله نى يالغان قىلماق سەۋەبى بىلە ئول موجىزە موبەششىرە
ئۇلغان تۆگەنى ئۆلتۈردىلەر.
(فدمدم عليهم ربهم بذنبهم فسويها ۝١٤) ئول قەۋم تۇغيان
بىشەنىڭ پەرۋەردىگارى ئولەرنىڭ گۇناھلەرى سەۋەبى بىلەن —
ئولەرنىڭ ئۈستىغە ئازابنى قاپلادى يەئنى قاتتىغ ئازاب ئولەرنى
تامام ئوراب ئالدى. وە ئول قەۋمنى يەر بىلە تەكىز لەدى (يەكسان قىلدى)
ياكە ئول قەۋم نىڭ ھەممەسىغە ئازابنى تەكىز قىلىپ ياش وە قېرىسىنى
تامامەن ھېلاك قىلدى.
(ولا يخاف عقبها ۝١٥) الله تعالى ئول سەمۇد قەۋمنى يەر بىلە يەكسان قىلدى
چونكە: ئول الله تعالى ئول قەۋمنى ئۇقوبەت ئەتمەك نىڭ ئاقىبەتى دىن وە تەبىئە
سىدىن قورقمايدور. ئاندا اغكە پادشاھلار قىلغان ماجارات لەرى نىڭ

ئاقیبه تیدن خه وپ وه ئه ندیشه ده بولیدور .

## ٩٢ - سورة اللیل مکه ده نازل ئولمش .

## آیت له ری ٢١ دور

## بسم الله الرحمن الرحیم

(واللیل اذا یغشی ١) قه سه م قیلیمه ن کیچه بیله ن وه قتیکه کیچه نینگ قاراڭغو
کوندوز نینگ روشه نلقینی یاپادور . یاکه قویاشنینگ نورینی یاپادور .
(والنهار اذا تجلی ٢) وه قه سه م قیلیمه ن کوندوز بیله وه قتیکه ئول کوندوز
ئاشکارا بولسا .
(وما خلق الذکر والأنثی ٣) وه قه سه م قیلمه الله تورره تلیغ قادر بیله که توغماق
وه توغولماق نه شه ئنی بولغان هه ر نه وع مه خلوقدین ئه رکه ک وه تیشی نه رسه
له رنی یاراتتی . الله سبحانه نینگ بو یه رده ئولوغ سویاتسیدین ئه رکه ک
وه تیشی یاراتماقغه قادر لیغ سوپیتی بیله ن قه سه م قیلماقی بیننینگ ئوچون
دورکه ، بو سویه ت بیرله قه سه م قیلماقده ئول زات متعالی سویاتنینگ
ئه سرار له رنی بیلمه ک لیقیغه ئه تشار ئه یلیمه ک باردور ، چونکه
هایوانات خلقه تی نینگ ئه سلی بولغان مادده نینگ ئه رکه ک بولماقغه نیسبه تی
بارابه ر دور . بیر مادده دین مشیئتی ئقتیزاسی چه بیر زامانده ئه رکه ک
وه بیر وه قده تیشی یاراتماق ئه لبه تته یاراتقوچی خالق تعالی نینگ وه سلی
نینگ که مالیغه ده لالت قیلیدور .
(ان سعیکم لشتی ٤) بو نه رسه له رنیله قه سه م قیلیمه نکی . ئی ئنسان
له ر بی شوبهه سیز له رنینگ هه رکه ت وه ئه مه لله ریڭیز تورلوغ نه وئیده
وه تورلوک سویه تته دور .

موبه سسیر له ر بو ئایه ت جیناب ئابو به کری سیددیق ره زیه الله هو-
ئه نهو شه ئنیده نازل بولغان دیمیش له ر . چیناچه ئه بی ئیبین هاتم

وە ئەبو ئەلشەيخ وە ئىبىن ئاساكىر ئابدوللاھ ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھو-
ئەنھو دىن راۋايەت قىلىپ دۇرلەركى، جىناب ئەبوبەكرى سىددىق رە-
زىيەللاھو ئەنھو بىلال بىن رەباھنى ئۇمەييە بىن خەلەپ ۋە ئۇبەي بىن خەلەپ
دىن سېتىپ ئېلىپ ئىبنى خۇدا ئۈچۈن ئازاد قىلدى. يەنى ئەبوبەكرى سىددىق
نىڭ سەئيى ۋە ئۇمەييە ۋە ئۇبەيلەرنىڭ سەئيىلەرى مۇختەلىپ دۇر.

دەرھەقىقەت بۇ ئىككى سەئيىنىڭ ئارىسى بىر بىرىدىن تولا يىراق ئىكەنىد
ھېچ بىر شۇبھە يوقتۇر. جىناب ھەزرەتى سىددىقنىڭ سەئيى مۇئمىن
مۇۋەھھىدلەرنى رەنجى كۈلپەتدىن خالاس ئەتمەك ۋە ئەھلى ئىمانلارغە
ياردەم ۋە ئىمداد ئەيلەمەك. ئەمما ئۇمەييە بىن خەلەپنىڭ سەئيى
مۇئمىنلەرغە دۈشمەنلىك كۆرگۈزۈپ قاتتىق ئازاب بىرلە ئۇلەرغە
كۈلپەت ۋە ئازار يەتكۈزمەكدۇر. بۇ ئىككى ھەرەكەت ئارىسى بىر بىرى
دىن تولا يىراق بولغان كەبى بۇلەرنىڭ جازاسىنىڭ مىيانەسىمۇ بىر
بىرىدىن تولا يىراق دۇر. جىناب سىددىق ئەكبەرنىڭ مۇكاپاتى
ۋەئدە ئېلاھى مۇجىبىنچە بائىس دوخولى جەننەت ۋە مۇجىبى
رىزايى رەھمان بولغان كەبى ئۇمەييە بىن خەلەپنىڭ جازاسى مۇ-
جىب ئازاب نىران ۋە سەختى رەھمان ئۆلمىش

(فاما من اعطى واتقى ۵) ئەمما كىشكە مالىنى خۇدانىڭ يولىدە بەرسە
يەنى مالىنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغە جاھاد بارەسىدە ۋەيا
ئۆزگەھا ۋايىج تۇغرىسىدە سەرپ ئەموال ئىلە ياردەم ئەيلە
مەك كەبى ئىشلەرنى قىلسا. ۋە يەنە ئۆزىنە پەيسنى شىرك دىن
ۋە خەلقغە زىيان يەتكۈزمەكدىن ۋە ھەممە بەد ئەخلاق ئادات
لەردىن ساقلىسا

(وصدق بالحسنى ٦) ۋە يەنە ياخشى ئەخلاقنىڭ بىشى ۋە ئىنىڭ
ئۇلۇغى بولغان كەلىمە «حسنى سى» لا اله الا الله نى تەسدىق قىلسا-
ياكە مۇئمىن ۋە ياخشىلەرنىڭ ساۋابى ئۇلغان جەننەتگە ئىشەنسە.

(فسنيسره لليسرى ٧) ئەلبەتتە ئۇل كىشىنى ئاسانلىق وە راھەتتغە
يەتكوزودورغان خىسلەتتغە ھازىر وە مووەپپەق قىلورمىز.

خولاسە بوكىم كە: مالىنى خودانىڭ رىزاسىنى ئىستەپ خەيىر ئىشلەرغە
خەرج قىلسا وە كوڭلىنى الله تعالى نەھيى قىلغان نەرسەلەردىن
توسسا وە خودا تەرەپىدىن بەندەلەرنىڭ سائادەتى ئۈچۈن بويروغان
شەرىئەتلەرنى تەسدىق قىلسا ئەلبەتتە ئۇل كىشىنى ئاسانلىق
وە راھەتتغە يەتكوزودورغان خىسلەتتغە ھازىر وە مووەپپەق قىلورمىز.

(واما من بخل واستغنى ٨) وە ئەمما كىشىكە مالىنى خودا يولىدە ياخشى
ئىشلەرغە سەرپ ئەتمەكتغە بىخىللىق قىلسا وە ھەم مالىغە ئىشىنىب
ئۆزىنى بارچەدىن بى نىياز چاغلىسا

(وكذب بالحسنى ٩) وە يەنە بەلەند ئەخلاقلەرنىڭ زبدەسى ئۇلغان
ئىمان كەلىمەسى „لا اله إلا الله“نى تەسدىق قىلماي ئىنكار ئەتسە ياكە
دونيانىڭ لەززەتتنى پايدار گومان قىلماق ئىلە ئاخىرەتنىڭ نىئمەتى
بولغان جەننەتنى وە ئىنىڭ لەززەتلەرنى يالغان قىلسا

(فسنيسره للعسرى ١٠) ئەلبەتتە ئۇل كىشىنى دىشوارلىق وە قاتتىغ
لىقغە يەتكوزەدورغان خىسلەتتغە تەييار وە ئامادە قىلورمىز.

(وما يغنى عنه ماله اذا تردى ١١) مانا فيه دور ياكى استفهام انكاردور.

مانا فيه بولسا مەئنىسى ئۇل بىخىلغە مالى ھيچ پايدا ئەمە نيەئەت يەتكوزەل
مەيدور. دەوزەخغە توشكەندە لېكىن ما استفهام بولسە
ئۇل بىخىلنىڭ مالى ئاڭا قايسى بىر فايدە وە مەنيەتنى يەتكوزيدور
دەوزەخدە.

(ان علينا للهدى ١٢) تەھقيق دەليل وە بورھانلەرنە سەب
ئىتب وە شەرائىت ئەھكام بايان ئەيلەپ ھىكمەت بالىغەمىز
موجبىنچە وە تمازائىمىز مۇتتەزاسىچە خەلقنى ھەق تەرەپىگە
ئەرشاد وە ھىدايەت ئەتمەك بىزنىڭ ئۆزەمىزغە دور.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(وان لنا للآخرة والاولى ۝١٣) ته‌حقىق هه‌رئايىنه ئاخىره‌ت وه‌دونيا بزگه مه‌خسوس وه‌بزنىڭ موڭكمزدور. يه‌ئنى هه‌رئىككى سىغه يالغوز بزغىنه مالىكدورمز.

(فانذرتكم ناراً تلظى ۝١٤) مه‌ن سىز ئىنسانلارنى يالقونلاپ يېنىپ ئۇرۇپ تورغان قورقونچى بىر ئوتلوغ ئوت بىله قورقاتدم،

سوره‌ الله تعالى زكوپ قىلغان سوبه تدكى جه‌هه‌ننم ئۇتىنى كىشلرگه غه‌ ئاماده قىلىنغان ليقىنى بايان قىلىپ ئېيته دور:

(لا يصليها آلا الاشقى ۝١٥ الذى كذب وتولى ۝١٦) ئۇل يالقون ئۇرۇپ تورغان ئوتلوغ ئوت نىڭ قاتتىق ئازابىنى چېكمه‌ك ئىلاھ ئاندىن ئه‌سلا ئايرىلماي دائىمى كويىمه‌كده‌رد وه‌ئه‌لله مىنى تحقىق هه‌قنى يالغان ده‌پ وه‌تائه‌ت ئىلاهدىن يوز ئوروگه‌ن شه‌قى كافرغىنه چېكه دور.

(وسيجنبها الاتقى ۝١٧ الذى يؤتى ماله يتزكى ۝١٨) وه‌هه‌رئايىنه ئۇل قاتتىق يالقونلوق ئوت دىن يىراق قىلىنور شرىك وه‌گوناله‌ر دىن په‌رهىز قىلغوچى ته‌قوا مؤمن به‌نده ئانداغ ته‌قوا پىشه‌كى مالىنى خه‌يرى ساخاوه‌تكه سه‌رپ قىلىپ وه‌موسولمانلار نىڭ ئېهتىياجىغه‌ خه‌رج قىلور. ئۇل ته‌قواكىشى ئوزىنى گونوب دىن پاك ئه‌تمه‌كنى ئىستگه‌ن وه‌ئېنده للاه ئېنىڭ بولىوك مه‌رتبه‌نى ئۈمىد قىلغان هالدا مالىنى فى سبيل الله (بى سه‌بى لىللا) سه‌رپ قىلىبدور.

(وما لاحد عنده من نعمة تجزى ۝١٩) وه‌ئۇل تقى نىڭ نه‌زدىده تى هىچ بركشى نىڭ موكاپاتى واجب بولادورغان بىره‌ر نېئمه‌ت وه‌مننه‌ يوقتور تائىنكه ئۇل نېئمه‌ت موكاپاتى ده وه‌مالىنى به‌رگه‌ن بولغاي.

(الا ابتغاء وجه ربه الاعلى ۝٢٠) لىكىن ئۇل تقى نىڭ مه‌سارىپ خه‌يرده مالىنى خه‌رج ئه‌يلمه‌كى شائىل وه‌جالالى هه‌مه‌دىن به‌لەند بولغان په‌روه‌ردىگارى نىڭ رىزاسىنى ئىستىمه‌ك جه‌هه‌تىدىن دور.

(ولسوف يرضى ۲۱) اللەنىڭ نامى ئىلە قەسەم قىلىمەنكى ئەلبەتتە تېزدۇركە
ئۇل تەقى رىزاى پەروەردىگارنىڭ رىزاسى ئۈچۈن سەرپ قىلغان
مالىنىڭ بارابەرىدە پەروەردىگار كېرىمى وەئدە قىلغان ساۋابلەرغە
هاسىل ئۇلماق ئىلە پەروەردىگارىدىن خوش بولور. ياكە ئۇل تەقى
رىزاى پەروەردىگارنى ئىستەپ سەرپ ئەموال قىلغانى ئۈچۈن
ئاڭا كامىل ئەجرى ئەزىم ساۋابلەر بېرور.

## 93 - سورة الضحى مكەدە نازىل ئۇلمىش

## آيەتلەرى 11 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

بۇ سورة شەرىپەنىڭ نۇزۇلى بارەسىدە سەھىھ بۇخارىدە -
جەندەب بىن سۇپيان بەجلى دىن رىۋايەت قىلىپ دۇر، دەيدۇركە
رسول الله صلى الله عليه وسلم بىر ئاندە بىتاب بولوب ئىككى كېچە
يا ئۈچ كېچە، كېچە نامازغە قىيام كۆرگۈزەلمەدىلەر. بىر خاتۇن
يەنى ابولەھەبنىڭ خاتۇنى ام جميل - كەلدى، وە دېدى كە ئى
محمد(ع) تەھقىق مەن امىد قىلىمەنكى شەيتاننىڭ سېنى بى شو
ھە تاشلاپ ئاتتى بولغاى چونكە ئىككى - ئۈچ كېچەدىن بېرى ساڭا
يېقىن كەلگەنىنى كۆرمەيدۇرمەن. الله تعالى دن «والضحى والليل اذا
سجى ما ودعك ربك وما قلى» نى نازىل قىلدى.
(والضحى ۱) قەسەم قىلىمەن قۇياشنىڭ روشنالىغى تامامى يېتىلىپ
مەرتەبە كامالىغە يېتىپ كۈندۈز تولۇق يورۇق بولغان چاغى وەقتى بىلە
(والليل اذا سجى ۲) وە ھەم قەسەم قىلىمەن كېچە بىلەن وەقتىكە كېچە
ئىقبال ئەيلەپ ھەر نەرسەنى قاراڭغۇ پەردە ئاستىغە ياشۇرماق ئىلە

ئەھلى ھەرىكەت جىم جىت ئارامدە بولسا، ياكى كېچەنىڭ قاراڭغۇلىقى ھەممەنى قاراڭغۇ شىلە تۇراپ ئالماق ئىلە كاماكىيغە يەتسە.

(ما ودعك ربك وما قلى ٣) ئى مۇھەممەد (ص) رەببىڭ سېنى تەرك ئېتىپ تاشلىمىدى ۋە سېنى دۈشمەن تۇتمادى.

(وللآخرة خير لك من الأولى ٤) ئەلبەتتە ئى مۇھەممەد (ص) ئاخىرەت سېنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىن ياخشىراقدۇر.

(ولسوف يعطيك ربك فترضى ٥) ۋە ئى مۇھەممەد (ص) ئەلبەتتە تېزدۇركە رەببىڭ ساڭا ئاتا قىلۇر. سەن رازى بولۇرسەن، ياكە ساڭا ئاخىرەت خەيراتىدىن رەببىڭ ئول قەدەر كارامەت مالانهايەلەرنى ئاتا قىلۇركە سەن رازى بولدۇم دەرسەن.

شۈكرە الله تعالى جناب رسول الله غە قىلغان ئېھسان ۋە كارامەتلەرى جۈملەسىدىن يېتىملىكدىن كېين ئاتا-ئاناغا پاناھ بەرگەننى ۋە زالالەتدىن كېين ھىدايەت قىلغاننى ۋە كەمبەغەللىكدىن كېين ئاتاغەنار وزقلىغاننى باراي ئېتىمسان خاتىرە شەرىپ غە تەذكىر قىلىپ ئەيتادۇر:

(ألم يجدك يتيما فآوى ٦) ئى مۇھەممەد (ص) ئايا رەببىڭ سېنى يېتىم يەئنى ئاتا-ئانانىڭ شەپقەتىدىن مەھرۇم تاپتىمۇ؟ ئەلبەتتە تاپتى. ساڭا پاناھ بەردى بىرىنچى ئاتاڭ عبد المطلب تەربىيەسىدە كېين تاغاڭ ابو طالب تەربىيەسىدە پاناھ بەردى.

(ووجدك ضالا فهدى ٧) ئى مۇھەممەد (ص) رەببىڭ سېنى نۇبۇۋەتنىڭ ئالامەت ۋە ئاسارىدىن ۋە ئەھكام شەرئىيەتدىن بىخەبەر تاپتى سېنى ئەھكام ھىدايەت قىلدى.

(ووجدك عائلا فأغنى ٨) ۋە ھەم ئى مۇھەممەد (ص) پەرۋەردىگارىڭ سېنى كەمبەغەل تاپتى، سېنى باي قىلدى.

(فأما اليتيم فلا تقهر ٩) ئى مۇھەممەد (ص) ئۇشبۇ نېئمەت شۈكرانەسىغە مۇناسىب يېتىمنى يەسى قەھرى قىلما ۋە ئېنى خار كۆرمە يېتىملىك چاغىڭدە رەببىڭ

ساڭا ئامائاميله قىلغان كه بى مائاميله قيل،
(و اما السآئل فلا تنهر ١٠) وه ئه مما سور وغوچينى په س قاتتىق سوز بيله ن
ره نجتب قايتارمىغىل. سائىل دىن مىراد: سه ده قه وه ئيهسان سورو
غوچى بيلىنور. چىنانچه بو مه ئنى-نى ئبن المنذر وه ابن هاتم قتاده دىن نه قل
قىلىب دورله ر. قتاده ده پدور كه سائىل نى مولائىم سوز وه ره هىمه وه
شه فقه ت ئىله قايتار غيل ديمه كدور.
(و اما بنعمة ربك فحدث ١١) ئه مما په روه ر ديگارىڭ نىڭ دىن وه دونيا
وه ئاخىره تته ساڭا ئاتا قيلغان نىئمه تيغه شوكرى قيلماق ئىله ئاسارىنى
ئاشكارى قىل. اظهار (ئىزهار) نىئمه ت ئه يلىمه ك باره سىده گى حديث
امام احمد وه ته برانى اوسط ده وه بيهقى حضرت ئائىشه رضى الله عنها
دين راوايه ت قيلىب دورله ر. حضرت صدىقه دىمىش كه رسول الله
صلى الله عليه وسلم دىديله ركى: بىر كيمسىغه بىر نىئمه تى بىر يلسه
كىره ك كىم ئۇل كىشى ئىنىڭ موكاپاتىنى بىجا قيلسون. ئه گه ر موكاپات
به ر مه كگه قادير بولمىسا كيره ككىم ئىنى ياد قىلسون. چونكه بىر كيمسه
ئۇز يغه قيلىنغان ئيهسانىنى زكره ئه تسه ههقيقه ته ن ئىنىڭ شوكرينى
قيلغان بولور.

94 - سورة الشرح مكه ده نازىل بولمىش
آيت له رى 8 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(الم نشرح لك صدرك ١) ئى محمد (ص) سىنىڭ كوكره كىڭنى ئىمان نورىقى بيله ن
كه ڭرو قيلمادوقمو؟ ئايا سىنىڭ كوكره كىڭنى ئاچمادوقمو؟ وه ئى بى ئۇلوم له وه
لين، وه ئاخىرت وهوكمى مالا نا هايه له ر سىققوده ك كه ڭرو قيلمىدوقمو؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يه ئنى ته هقىق بىز سىزنىڭ كوكره كىڭىزنى ئاچتوق وه ئىنى كه ڭرى قىلدوق. تا كه
هه ق تائالا نىڭ مونا جاتى وه هه م خه لق نى ته وحيد غه ده ئوه ت قىلماق
كوكره كىڭىزغه سىغمسون دىمەك ئوچون ياسىر ته لقى وه ھيسى ساڭا ئاسان
قىلماق ئىله كوكره كىڭىزنى كوشاده قىلدوق دىمه ك دور .
(ووضعنا عنك وزرك ۝ الذى انقض ظهرك) ئاى محمد سىزدىن ئىبغمبىر يو .
كىڭىزنى كوتىشوردوك . ئانداغ يوكى كه ئىبغمبرلىقى سه به بى ئىله سىزنىڭ ئوچاڭىزنى
ئىڭىب ئه غىرلاشتوردى بو كالام ته مسىل ته رىيقه سى ده دور . مبراد
بويوكدىن هيسى يوك ئىمه سلىكى ئاشكارا ، ئه لبه تته بو يوكدىن مىراد
جناب رسول الله نىڭ قه ومنى هىدايه ت وه ئىرشاد ئه تمه ك باره سىده
بولغان ئه ندىشه وه قايغوسىدور . الله تعالى ئوشبو يوكنى يوشت مو-
باره كدىن كوتىشورمه كدىن مىراد رسول الله دىن قه ومنى ئىرشاد ئه تمه ك
هه ققده كى قيينلىقنى وه هيى يولى ئىله يه ڭگىل قىلماقدور .
(ورفعنا لك ذكرك ۝) وه هه م بىز سىزنىڭ ئوچون عنوان سه بوت ئىله
زىكريڭىزنى نام وه شوهره تىڭىزنى به له ند قىلدوق . يه ئنى خاتمه ننه بيين
پيغمبر ئاخىر زامان دىيمه ك ئىله سىزنىڭ شوهره تىڭىزنى به له ند وه نامىڭىزنى
ئالەمغه مه شهور قىلدوق . ياكه سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى كه لىمه شاهاده تده
وه ئازان ئىقامه تده وه خوتبه له رده ئوز ئىسمىم غه قوشتوم وه تائه
تىڭىزنى ئوز تائه تىمغه يىقىن ئه يله ك ئىله شه ئنىڭىزنى ئولوغ قىلدىم - دىيمه ك دور
(فان مع العسر يسرا ۝) مبهه نه ت وه قيينلىق ئىله بىرگه ئاسانلىق باردور
يه ئنى ئى محمد (ص) سىزنىڭ كوكره كىڭىزنىڭ ته ڭلىغى وه ئارقاڭىزغا يوكلىگه ن
ته بليغ شرائىت يارگيرانى نىڭ ئىبغمبرلىقى وه قه ومىڭىزنىڭ گومراليغى
وه ئوله رنىڭ ساڭا ئه زيه ت وه جاپا قىلماقلىغى كه بى ئىبغمبرليق
وه قيينلىق له ر بىله بىرگه كوكرا كىڭىزنى كه ڭ قىلماق وه ئوچاڭىغه
يوكله نگه ن ئىغىر يوكنى كوتىشورمه ك وه ئىبهته دا وه تائه تغه مووه پپه ق
قىلماق وه شه ره پىڭىزنى به له ند قىلماق كه بى يه ڭگىل لىك وه راحه ت باردور .

وه هه ر قاچان سىنى غه مكين قىلىد يغان بىر ئىش ئۇچرىسا الله سبحانه نىڭ
ره همه تيد ىن ماءيوس بولماغىل.
(ان مع العسر يسرا (٦)) ته هقىق قىيىنلىق ئىشله بىرگه ئاسانلىق بار دور. بو
جومله ئه و وه لقى جومله نىڭ مه زمۇنىنى تاءكيد ئه تمه ك وه ئىنى كوڭۇل
له رغه ئۇرۇنلاشتۇرماك ئۇچۇن ته كرار قىلىنىبدور. ياكه جومله موستة
ئانفه دور. قائىده مه ئروپىغه بىنا ئه ن بىر قىيىن ئىشله ن ئىككى راهه ت
وه ئاسانلىق بار دېمه كدور.
(فاذا فرغت فانصب (٧)) ئى محمد (ص) هه رقاچان ته بليغ دىن وه ئۇز وكىغه
وه قت له ر كىغه يائىده لىق ئىشله ردىن بوشو ساڭ، ساڭا ئاتا-
قىلىنغان بو قىير يىده ذكرى ئىتلگه ن نىئمه تله ربىمىز وه ئاخىره تته
ساڭا وه ئده قىلىنغان ساواپ وه كارامه تله ر بىمىز شوكر ىده جيد ده وه
جه هه ت كورگوز.
(والى ربك فارغب (٨)) وه په روه ر د ىگارىڭدىن سورو وماقىغه رىغبه ت
قىل. وه هه ر هاجه تىڭ بولسا ئاندىن سورو وغىل ئاندىن باشقىغه
ئىلتىجا كورگوزمه كىغه به نده له رنىڭ هاجه تله رىنى راوا قىلماقىغه -
يالغوز الله قادىر دور.

## 95- سورة التين مكه ده نازىل ئولمش
## آيت له رى 8 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(والتين والزيتون (١)) ئه نجور وه زه يتون بىرله قه سه م قيلىمه ن. ياكه
تين تاغى وه زه يتون تاغى بىرله قه سه م قيلىمه ن. حضرت عيسى عليه السلام
نىڭ توغولوپ ئۇسگه ن زيمىن دور.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



(وطور سينين ۝٢) وه هه م موسى عليه السلام په روه ردگاري بيله ن
سوز له شكه ن سينا تاغي بيرله قه سه م قيلمه ن .
(وهذا البلد الامين ۝٣) وييه نه ئه مين ئاتالغان ئوشبو مكه شه هري بيله ن
قه سه م قيلمه ن .

گويا الله سبحانه ئوشبو بولوك پيغمبر له رنينك مبعث له ري بيله قه سه م
قيليب ئاله م دكي هه ممه ئينسان له ر ئيچره كتاب سا ماويه غه
ئيمان كه لتوروب شه رئه ت ئيلاهيه بيرله موته قيد بولغان له رنا سا
ري وه يه هودي وه موسولمان له ر بولغاچ مىلله ت ئه هلي قاشله ريده مو-
ئه ززه م وه موهته ره م بولغان يورت وه شه هه رله ر بيرله قه سه م قيليب
ئول جايله رنينك ئولوغ بير جاي ئيكه نليك له ريني بيلدوروب دور .

(لقد خلقنا الانسان في احسن تقويم ۝٤) ئه لبه تته موهه ققه ق دوركه
جينس ئينساني بيز سوره ت وه شه كل نينك ئينك زيبا سيده
وه قامه تيني توغري وه سوره ت له ر ني ئينسان دين باشقه هه ممه هايوا-
ناتدين چيرايلق راق وه موجازيني موئه تديل قيليب ياراتدوق . يه ئني
الله سبحانه ئينساني سوره ت وه شه كيل نينك ئينك چيرايلق وه قامه تي
نينك ئيئتيدالي يه گليغ هوسني سوره ت زاهيره ده وه كامال ئه قيل
وه يه هيمي ئاداب وه ئيلم وه به يان يه گليغ هوسنه سيره ت باتينه ده
ياراتيب دور .

(ثم رددنه اسفل سفلين ۝٥) سونگره بيز ئول ئينسانله رني بارچه توبه ن
له رنينك توبه ني غه قايتاردوق . يه ئني ئيني په س توبه ن هايوانات ده ريجه سي
غه ئوبوردوك . ئينسان ئه سلي پيتره تيده هيدايه ت ساري مايىل
وه هه قني قوبول قيلماقغه موسته ئيد وه قابيل ياراتلغان ليكين
ئينسانله ر الله نينك به رگه ن ئه قلي وه پيكري وه ئيختيار له ريني
هيدايه ت ساري باشليماي هاواي نه پسغه تابي بولوپ ئه قل وه پكري
قووه تله ريني ئه همال قيليب قوسور وه پوجور غه مه شغول بولماق بيرله-

ھايواناندىن تۆبەن ئولور. چونكى ھايوان ئۆز ئىستىداد پىترەسىنى
زايا قىلماي ئىشقا كۆرە ئەمەل قىلماقدە دۇر، ئەمما ئىستىداد پىترە
سىينى مۇھمەل و بىكار ئەيلەپ ئۆزىنى دەرىجە كارامەتدىن دركە ئەس
پەلغە تۇشۇرمەكغە ماقادۇر بۇ جەھەتدىن ھايواندىن ھەم تۆبەن بولور.
(الا الذين امنوا وعملوا الصلحت فلهم اجر غير ممنون ٦) مەگەر
ئاللاغ كىشىلەركە ئىمان كەلتۇردىلەر ۋە ئۇبدان ئىشلەرنى
قىلدىلەر. ئۇل كىشىلەرغە دۇر ھىچ ئۆزۇلمەي ھەمىشە بولغوچى
دۇر ئەجرى ۋە ساۋاب.
« مۇستەسنا مىنە رد ونا»، زەمىر مەنسۇب دۇر. گويا ئەيتىلا
دۇركە مەگەر « مۇستەسنا» بولغان زات پەزىلەت سالامەت لەر ئەھ
سەن تەقۋيم دە بولماقدىن سورە تلەرى تەبدىل قىلىنىپ ئەس
پەلەسافىلىن دە بولماقغە تەھۋىل قىلىنماي دۇر لەر. چونكە
ئۇلەر جەننەتدە ھىچ ئۆزۇلمەي دۇرغان ئەجرى ۋە ساۋاب
لەر ئىلە مۇشاب دۇر لەركە يوز لەرىدىن جەننەت نىئمەت
لەرىنىڭ زىيپا ئەسەرى بىلىنىپ تۇرادۇر.
(فما يكذبك بعد بالدين ٧) ئى ئىنسانلەر بۇ بايانىدىن سوڭ قايسى
نەرسە روز جازانى يالغان قىلغوچى قىلىدۇر. يەئنى مۇنداغ دەلىل
زاھىر تۇرۇغلىق نىمە ئۈچۈن جازا ۋە ھىساب كونىغە ئىشەنمەيسەن.
(اليس الله باحكم الحكمين ٨) ئايا الله تعالى ھاكىملەرنىڭ ھاكىم
راقى ئەمەسمۇدۇر. ئەلبەتتە ھىچ شۇبھە يوقكە الله تعالى
ئەدل ۋە ھەقلىق بىرلە ھوكوم ئەتگوچى دۇر.

96 - سورة العلق مكە دە ئىنك ئەۋۋەل نازىل ئولمىش
آيت لەرى 19 دۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(اقرأ باسم ربك الذى خلق ۝١) ئى محمد(ص) ھەر نەرسىنى يوقلۇق
دىن بار قىلغان پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىرلە باشلاپ - قورئاننى
ئوقوغىل. «اقرأ» نىڭ مفعولى دە قورئاننى تەقدىر قىلىشىمىز
ئىبنىڭ ئۈچۈندۇركە قىرائەت ئەرەپ تىلىدە قىرائەت
قورئاندىن بولەك نەرسىدە مقبول ئىستىمال قىلىنمايدۇر.
(خلق الانسان من علق ۝٢) ئول رەببىڭ ئۆزىنىڭ قودرەت كامىلە
سى ئىلە ئىنسان نىڭ ھەممە ئەپرادىنى ئانىنىڭ رەھمىدە مەنى
دىن ھاسىل بولغان بىر پارچە ئۇيۇشقان قاندىن ياراتتى.
(اقرأ وربك الاكرم ۝٣) ئى محمد(ص) ئوقوغىل سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ
بولسا كەرىم ۋە ئۇلۇغدۇر. كەرىم ۋە ساخاۋەت ۋە ئۇلۇغلىقدە
ھېچ مىسلى يوقدۇر. ساخاۋەتىنىڭ كاماليدىن بەندەلەرىگە ئىلىم
بىلىمنى بىلدۇردى.
(الذى علم بالقلم ۝٤) الله تعالى ئىنسانغە قەلەم ۋاستەسى ئىلە
خەت يازماقنى تەئلىم ئەتتى.
(علم الانسان مالم يعلم ۝٥) ئول رەببى ئەكرەم نىڭ ئانداغ زات
واسع الكرم دوركە ئىنسانني جاھالەت قاراڭغۇليقدىن ئىلىم ۋە
مەرىپەت روشنالىقىغە چىقىرىپ ئىنسانغە بىلمىگەن نەرسە
لەرىنى تەئلىم قىلدى.
(كلا ان الانسان ليطغى ۝٦ ان راه استغنى ۝٧) تەھقىقكە ئىنسان
ئۆزىنى مالدار ۋە دونياچە ھېچ بىر نەرسەگە بى نىياز كۆرگەن چە-
ھىتدىن ئەلبەتتە توغيان قىلىدۇر. تەھسىل كامالاتنى تەرك
ئېتىب جاھالەتغە اوراب ئولىدور
(ان الى ربك الرجعى ۝٨) تەھقىق سېنىڭ ياناتىڭ ۋە بادورغان.

بىرىڭ پەرۋەردىگارىڭ تەرەپىغە قېنىدۇر. ئاندىن ئۆزگە ساڭا بارا دۇرغان جاي يوقتۇر. ئۇل يەردە ساڭا ئېلىم ۋە ئىمان پايدا بېرەدۇر. جېھىل ۋە توغيان پايدا بەرمەيدۇر. ئاندە خەير ۋە ئېھسان بىرلە ھاسىل قىلغان ئەئماللى سالىھە سەبەب ئىجاد بولادۇر. بېخىللىق بىرلە يىققان ئەموال زەرەردىن باشقىنى كەلتۇرمەيدۇر.

راۋايەت قىلىبدۇرلەركى رسول اكرم صلى الله عليه وسلم كعبەنىڭ قاشىدا ناماز ئوقوب تۇروب ئېمىشلەر. ئەبۇجېھىل كېلىب نبي محمد (ص) مونداغ بېعەللىنى قىلماقدىن نەھيى قىلمادىممۇ؟ دېمىشى الله تعالى بو باۋدە بو ئايەتنى تۈشۈرمىشى.

(ارءيت الذى ينهى ٩ عبدا اذا صلى ١٠) نبي محمد (ص) خەبەر بەرگىل ماڭا ياكە نبي موخاتەب خەبەر بەرگىل ماڭا كىم دۇر ئۇل كىشى كە ئۇبودىيەت پەرۋەردىگارىدە كامىل بىر بەندە ئۇلۇغ مەرتەبەنى ناماز ئوقوغان ۋەقتدە نامازدىن نەھيى قىلادۇر. ئۇل ناھىينىڭ مۇئىشى دۇرۇسمودۇر؟ ئەلبەتتە ئىنىڭ بو ئىشى دۇرۇس ئېمەسدۇر.

(ارءيت ان كان على الهدى ١١ او امر بالتقوى ١٢) ماڭا خەبەر بەرگىل كە ئەگەر ئۇ ناماز ئوقوغوچى بەندە ھىدايەت ئۈزرە بولسا، ياكە ئادەملەرنى شىرك دىن ۋە ئازاب الله دىن ساقلانماقغە بويۇرسا ھەم ئىنى نامازدىن نەھيى قىلماق دۇرۇسمودۇر؟

(ارءيت ان كذب وتولى ١٣) خەبەر بەرگىل ماڭا كە ئۇل نامازدىن نەھيى قىلغوچى شەقى دىن ھەقنى يالغان دېسە، ۋە دىن ھەقدىن يۈز ئۆيۈرسە، ئايا ئىنىڭ بو ئىشى دۇرۇسمودۇر؟

(الم يعلم بان الله يرى ١٤) ئايا ئۇل توسقوچى شەقى بىلمەيدۇرموكە الله تعالى ئىنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرەدۇر. يەئنى ئىنىڭ ھالى ئەئمالىنىڭ نىمە ئىكەنىنى بىلىدۇر ۋە ئاڭا جازاسىنى بېرەدۇر.

(كلا لئن لم ينته لنسفعا بالناصية ١٥ ناصية كاذبة خاطئة ١٦) اگر ئۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پاسىق توسقۇچى - ئەبۇجەھىل - ئىبادەتدىن توسقۇن قىلماقدىن
ۋە ئاغىر ئازار يەتكۈزمەكدىن يانمىسا، ئىززەت ۋە جەلالەتىم ئىلە قەسەم
قىلىمەنكى ئۇل شەقىينىڭ ماڭلاي ساچىدىن قاتتىق تۇتۇپ ئىنى جەھەننەم
غە سۆرەپ تارتۇرمىز. ئۇل ماڭلاي سۆزدە تولا يالغانچى ۋە ئەمەلدە
خاتاكار بىر ماڭلايدۇر. يەئنى ئۇل ئەبۇجەھىل نىڭ يالغانچى
ۋە خاتاكار ماڭلايى دىن تۇتۇپ جەھەننەمغە تاتىمىز دېمەكدۇر.
(فليدع ناديه ۝١٧ سندع الزبانية ۝١٨) ئى مۇھەممەد(ص) ئەبۇجەھىل غە دېگىلكە
مەجلىس داشلەرىنى ئۆزىگە ياردەم ئۈچۈن چاقىرسۇن، بىزھەم
يېقىندۇركە ئىنىڭ ماڭلايى دىن قاتتىق تۇتۇپ خار ۋە زارلىق ئىلەن
سۆرەپ ئىنى جەھەننەمغە تاشلىماق ئۈچۈن جەھەننەم ساقلاغۇچى
قۇۋەتلىك فەرىشتەلەرنى چاقىرىمىز.
(كلا لا تطعه) ھەرگىز ئى مۇھەممەد(ص) ئۇل كافىر گۇمراھ شەققا ۋەت دەستگاھ
غە ئىتائەت قىلماي پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىبادەتىنى قىلماقدىن سېنى
توسقۇن قىلغاندە ئىنىڭ ياندۇرماقى ئىلە نامازئوقۇماقدىن يانما.
(واسجد واقترب ۝١٩ سجده) سۇجۇد ۋە سالاتىڭغە داۋام قىل. سەجدە
قىلماق ئىلە الله تعالى غە يېقىنلىق ھاسىل ئەت.

## ٩٧ - سورة القدر مكەدە نازىل بولمىش
## آيتلەرى 5 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(انا انزلنه فى ليلة القدر ۝١) تەھقىق بىز ئۇل قۇرئاننى قەدرى كېچەسىدە
تۈشۈردۈك. يەئنى قەدرى كېچەسىدە لەۋھىل مەھپۇزدىن بىرىنچى
ئاسمانغە تۈشۈردۈك دېمەكدۇر. سوڭرە پەيغەمبر صلى الله عليه وسلم

غه، يىگىرمە ئۈچ يىل ئىچىدە جىبرىئىل عليه السلام ئارقىلىق نازىل قىلىنمىش
(وما أدراك ما ليلة القدر ۝٢) نبي محمد ص قەدىر كېچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى
ساڭا نېمە بىلدۈردى . يەنى قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلەت مەرتىۋە
سى نە دەرىجىدە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ساڭا بىلدۈرمىدى زىرا كە
ئۇل خەيرى بەرىكەتلىك ئۇلۇغ كېچىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلمەكلىك وە
بىلدۈرمەكلىك ئەقلى مولغۇبۇپ دىن ئۆزگە كىشى قادىر ئەمەستۇر.
كىبرە كىشى ئىنى ساڭا بىز بىلدۈرگەيمىز.

(ليلة القدر خير من ألف شهر ۝٣) قەدىر كېچىسى پەزىلەتتە مىڭ
ئايدىن ياخشى وە پەزىلەتلىكراقدۇر. ئانداغ ئايلاردىن كىم
ئۇل ئايلار ئىچىرە قەدىر كېچىسى يوقتۇر.

الله سبحانه ليلة القدرنىڭ مىڭ ئايدىن ئۇلۇغ بولۇشىنىڭ سە
بەبىنى بايان قىلىپ دېدىكى:

(تنزل الملائكة والروح فيها بإذن ربهم ۝) ئۇل قەدىر كېچىسىنىڭ
مىڭ ئايدىن ياخشىراق ئىكەنى بۇ وەجھىدىن دۇركى، ئۇل كېچەدە فرىشتە
لەر وە رۇھ پارچەلەرى پەروەردىگارنىڭ ئىزنى رۇخسەتى بىرلە
زېمىن توشەدۇرلەر. رۇھ دىن مراد جبرئيل عليه السلام دېمىشلەر.
(من كل أمر ۝٤) فىرىشتەلەر وە جبرئىل نىڭ پەروەردىگارى
نىڭ رۇخسەتى ئىلە ئۇل كېچە زېمىنغە توشمەكلەرى ھەربىر ئۇ-
لۇغ ئىشلەر ئۈچۈندۇر. يەنى شۇ بۇ يىل ئىجرا قىلىنماقتە قدر
قىلىنغان خەير وە شەر ئىشلەر ئۈچۈندۇر. ياكە الله تعالى بەندە
لەرىغە يەتكۈزمەكنى ئىستەگەن خەير وە بەرىكەت جوملەسىدىن بولغان
ھەربىر ئىش ئىلە نازىل بولىدۇر.

(سلام هي حتى مطلع الفجر ۝٥) ئۇل مۇبارەك كېچە تا بامداد چىققۇچە
ئەمىنلىك وە سالامەتلىكدىن باشقە نەرسە ئەمەستۇر. يەنى
ئۇل كېچىدە توشەدۇرغان نەرسە سالامەت وە پايدە وە خەير

دىن ئۆزگە نەرسە بولمايدۇ

«ليلة القدر» سەھىھاندە وارىد بولۇپ دۇركى، رسول الله (ص)
دېمىش: «تحروا ليلة القدر في العشر الأواخر من رمضان». يەئنى
قەدرى كېچەسىنى رامىزاننىڭ ئەخىرقى ئونىدە ئىستىگىل. بۇ ۋەجھىدىن
قەدرى كېچىسىنىڭ رامىزان موبارەكنىڭ ئاخىرقى ئونىدە بولماقى مىن
حيث الدليل قوۋەتلىك دۇر. دەپ ئاتا ئىتتىفاق قىلىپ دۇرلەر.
ۋە بەزى ئۇلەمالەرنىڭ نەزەرىدە ئاخىرقى ئونىنىڭ تاق كېچەلەرىدە
يىگىرمە بىرىنچى يا يىگىرمە ئۈچىنچى لەرىدە بولماقى ئارجح دۇر. ئەمما:-
جەمھۇر ئۇلىماء نەزەرىدە يىگىرمە يەتتىنچى كېچەسى قوۋەتلىك دۇر.

## 98 - سورة البيّنة مدينەدە نازىل بولمىش
## ئايەتلەرى 8 دۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(لم يكن الذين كفروا من اهل الكتب والمشركين منفكين حتى تأتيهم البيّنة ①)
ئەھلى كىتاب بولغان يەھۇد ۋە نەسارا ۋە سابىئ لەردىن ۋە ھەم شرىك
كەلتۈرگەن بۇت پەرەس لەردىن ئىبارەت بولغان كافرلەر ئۆزلەرى
نىڭ كۇفرى ۋە شېرىك لەرىدىن ۋە ئاتالەرىغە تەقلىد قىلماقلىق
ئەۋھام باتىلە ۋە خۇراپات قايتىشقان ئاقايىد لەرىدىن ئايرىلغۇچى
بولماديلەر، تا ئۆزلەرىغە روشەن ھۆججەت كەلگۈنچە = بەييىنەدىن
مىراد رسول الله دۇر، چۈنانچە الله تعالى البيّنة بەدەل ئەيلەپ
دەپ دۇركە:
(رسول من الله يتلوا صحفا مطهرة ② فيها كتب قيمة ③) ئۇل دلىل
روشەن ھۆججەت ئاشكارا الله رب العالمين تەرەپىدىن يىبېرىلگەن

بىر ئەزىم شان پەيغەمبەر كەرىم دۇر كە، باتىل نەرسەلەردىن ساپ ۋە
يالغان ۋە بوھتاندىن پاك سەھىپەلەرنى خەلققە ئوقوپ ئۇلەرنى
دىن ھەققە دەۋەت قىلىدۇر. ئانداغ سەھىپەلەركى ئۇل سە-
ھىفەلەر ئىچرە راس ۋە توغرى ۋە ھەققە موشتەمىل بولغان كىتاب
لەر بار دۇر.

(وما تفرق الذين اوتوا الكتب الا من بعد ما جاءتهم البينة ٤) ئەھل
كىتاب يەئنى يەھۇد ناسارى نەبۇۋەتى ھۆججەت ۋە زامانە بىرلە ئىسبات
قىلىنغان پەيغەمبەر مەۋئۇد بەشەر محمد صلى الله عليه وسلم غە
ئىختىلاپ قىلىشمادىلەر مەگەر ئۇزلەرىغە روشەن ھۆججەت كەلگەن
دىن كىيىن ئىختىلاپ قىلدىلەر.

(وما امروا الا ليعبدوا الله مخلصين له الدين حنفاء ويقيموا الصلوة ويؤتوا الز
كوة وذلك دين القيمة ٥) ھالبۇكە ئۇل ئەھل كىتاب- ئۇز كىتابلەر تەۋرات
ۋە ئىنجىل دە ئەمرى قىلىنمادىلەر مەگەر دىننى الله تعالى غە غىنە خالىس
قىلغان ھالدا ھەممە ئەۋھام باتىلە ۋە خوراپات ئاقائىد ياسىققە دىن
يۈز ئۆيۈرگەن ھالدا الله تعالى غە ئىبادەت قىلماققە ئەمرى قىلىندىلەر
ۋە ھەم نامازغە مداۋەمەت قىلماق غە ئەمرى قىلىندىلەر ۋە ھەم
ئەموالەرنىڭ زاكاتىنى ماسارىپ موئەييەنەغە بەرمەككە ئەمرى
قىلىندىلەر. ۋە شۇل ئەمرى قىلىنغان نەرسەلەر- يەئنى باتىل ئى
تىقادلەردىن يۈز ئۆيۈرگەن ھالدا ئىمان ۋە ئەمەلنى خدا ئۇچۇن ساپ
ۋە خالىس قىلىپ مەئبۇد يىگانەغە ئىبادەت قىلماق ۋە ھوزۇر دىل بىر
لە نامازنى ئادا قىلماق ۋە ھەم الله تعالى تەئيىن قىلغان مەسرەپلەرىغە
زاكاتنى بەرمەك. راس ۋە دۇرۇس بولغان شەرىئەتنىڭ دىنى دۇر،
ياكە مەئنىلەرى دۇرۇس ۋە توغرى بولغان كىتابلەرنىڭ دىنى دۇر.

(ان الذين كفروا من اهل الكتب والمشركين فى نار جهنم خالدين فيها اولئك
هم شر البرية ٦) تەھقىق ئەھل كىتابدىن يەئنى يەھۇدى ۋە ناسارا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



لەردىن كوپرەكدە ئەسرار كورگوزگەن كىشىلەر ۋە ھەمدە موشرىك
لەر جەھەننەم ئوتىدە دورلەر. ئولەر ھەمىشە ئول جەھەننەم ئو
تىدە بولغوچى بولغان ھالدا - يەئنى ئوتدىن ئەسلا چىقماسلەر. ئول
رەھمەت پەروەردىگاردىن يىراق بولغان خسارەتماللەر ئولەر
دور، خالايىق نىنگ ئىنگ يامىنى يەئنى يامانلىقدا خالايىق ئىچرە ئولەر
دىن يامانراق مخلوق يوقتور.

شوكرە الله سبحانه ئەھل تەۋھىد ئولغان مۆئمىن لەرنىنگ
مال مەسرت ئىشتمال لەرىنى بايان ئەيلەپ دىدى كە:
(ان الذين امنوا وعملوا الصلحت اولئك هم خير البرية ٧) تەھقىق
ئاندا غ ئەشخاس سائادەت ئىختىساس لەر كە ئىمان كەلتوردىلەر
يەئنى محمد عليه الصلاة والسلام نىنگ تەرەپى ئىلاھى دىن كەلتورگەن
دين وھدايت تلقين سعادت غە دىلى ئىلە ئىشەندىلەر، ۋەھەم
الله سبحانه نىنگ پەرمانلەرىنى توتوپ ئەئمال سالىھە بىجا كەلتور
دىلەر، ئوشبو سائادەت نىنگ ئىنگ ئەلاسىدە بولغان مۆمىن سايىستە
كىردارلەر، ئولەر ھەممە مخلوقات نىنگ ياخشىسىدور. يەئنى
مخلوقات ئىچرە بولەردىن ياخشىراقى يوقتور،
(جزاؤهم عند ربهم جنت عدن تجري من تحتها الانهر خلدين فيها
ابدا ط) ئاخىرەتدە ئول مۆمىن لەرنىنگ قىلغان ئىمان ۋە تائەتلەرى
نىنگ جازاسى پەروەردىگارىنىنگ قاشىدە راھەت وسورورلەر
ئىلە ھەمىشە بولىدورغان جەننەت لەردەدوركىم ئول جەننەت
لەردىكى دەرەخلەر ئاستىدىن وە قەسرلەر يانىدىن دەريالەر
ئىقىب توراددور، ئولەر ئول جەننەتلەردە ھەمىشە تورغان ھالدا
ھەرگىز ئاندىن چىقماي ئەنواع نىئمەت وە لەززەت لەر ئىلە مو-
ستەنعم بولورلەر.
(رضي الله عنهم ورضوا عنه ط ذلك لمن خشي ربه ٨) ئول مۆمىن لەر

دىن اللە رازى بولدى وە ئۇلەر اللە كەرىم دىن رازى ئۇلدىلەر ، ئۇشبو اللە كەرىم نىڭ مۆمىنلەرگە ئاتا قىلغان جازا ھەسىنىسى وە ھەم ئۇل خودايى وەھھاب نىڭ رىزاسى ئۇل كىشى ئۈچۈن دوركە پەروەردىگارى نىڭ ئۇقوبەتىدىن قورقوب دىن وە ئىمانىدە سابىت وە راسىخ ئولماق ئىلە قەلبىنى يامانلىق چىركىدىن پاك قىلغاى ، وە زاھىرىنى ئىنسانىيەت سوتەمى ئىلە وجودىنى مۇلك ئەۋساپ ئەيلىگەى .

## 99 - سورة الزلزلە مدينە دە نازىل ئولمىش
## آيەتلەرى 8 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(اذا زلزلت الارض زلزالها ①) قاچانكە - اللە قەدىر ھەكىم نىڭ ھكمەت مشيئتى موقتەزاسى چە يەر ئۈزىگە مەخسوس بولغان زىلزىلە ئىلە قاتتىغ تەۋرەتىلسە .

(وَاَخْرَجَتِ الاَرْضُ اثقالها ②) وە يەر ئۈز نىڭ ئىچىدەكى ھەممە خەزىنە وە دەپىنە پوسىدە بولغان ئەموالىنى چىقارىب ئەرزە مەشھود دە نامايان قىلسا يەئنى زېمىن نىڭ قاتتىغ تەۋرەتىلمەكىدىن ئاندە ئىنقىلاب پەيدا بولوب زېمىن نىڭ ئىچى وە تاشى ئاستىن وە ئۈستون بولماق ئىلە زېمىن قورسا قىدەكى ھەممە نەرسەلەر ئاشكارى ئولور .

(وقال الانسان مالها ③) وە ھەر كىشى خاھ ئەھل تەۋھىد وئىمان وە خاھ ئەرباب شىرك وە توغيان شىددەت زىلزىلە سەبەبى ئىلە يېتىشگەن دەھشەت وە ئارىز بولغان غايەت قورقونچ وە ھەيرەت دىن ئىزتىراب غە توشوب ئەيتادوركىم : نىمە ھادىسە بولمىش بو زېمىن غەكى موندا غ قاتتىغ ھەركەت ئىلە سىلكىنور ، وە ئىچى دىن ئەسقالىنى

چىقىدۇر. لېكىن مۆمىنلەر خوشلەرىغە كېلىپ «هذا ما وعد الرحمن وصدق المرسلون» دەرلەر.

(يومئذ تحدث اخبارها ٤) ئۇ شۇل كۈندە، يەئنى قىيامەتتە ھەركەت بىرلە تەۋرەلگەن كۈندە زېمىن ئۆز خەۋەرىنى سۆز قىلىدۇر.

(بان ربك اوحى لها ٥) بۇ سەۋەب بىلەنكە نەبى محمد (ص) رەببىڭ ئۇل زېمىنغە ئەمرى قىلدى. يەئنى زېمىن ئۆز خەبەرلەرىنى خەلققە سۆز قىلىدۇ.

(يومئذ يصدر الناس اشتاتا ليروا اعمالهم ٦) ئۇ شۇل كۈندە يەئنى زېمىن دەۋزىلزىلە بولۇپ مەزكۇر ھادىسەلەر پەيدا بولغان كۈندە ئادەملەر پىرقە - پىرقە مۇختەلىف سۈرەتلەردە بولغان ھالدە ئۇلەرغە ئەمەللەرىنىڭ جازاسىنى كۆرسەتىلمەك ئۈچۈن قەبرىلەردىن چىقادۇرلەر ۋە موقوف ھىسابغە بارادۇرلەر.

(فمن يعمل مثقال ذرة خيرا يره ٧) كىمكە دۇنيادا بىر زەررە مىقدارى ئەمەل خەيرنى قىلغان بولسا ئۇل كىشى ئۇل ئەمەل ئەجرى ساۋابىنى كۆرۇر.

(ومن يعمل مثقال ذرة شرا يره ٨) ۋە كىمىكە دۇنيادا زەررە مىقدارى يامان ئەمەلنى قىلغان بولسا ئۇل كىشى ئۇل ئەمەلىنىڭ ۋەزەررە ئىقابىنى كۆرار.

## ١٠٠ - سورة العاديات مكه دە نازىل بولمىش

آيتلەرى ١١ دۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(والعاديات ضبحا ١) قەسەم قىلىمەن غازىلەرنىڭ يۈگۈرۈك ئاتلەرى بىرلەكىم تاتىپ نەپەس ئالماق ئىلە نەپەس ئالادۇر ياشىددەت بىرلە نەپەس ئالغۇچى بولغان ھالدا يۈگۈرگۈچى

ئاتلار بىرلە قەسەم قىلىمەن دېمەك دۇر.

(فالموريت قدحا ٢) قەسەم قىلىمەن ئانداغ يوگۈرۈك ئاتلار بىلەنكە جەھاد دە يوگۈرگاندە تۇياقلەرىنى تاشلەرغە ئۇرماق ئىلە ئوت چىقارغوچى دۇرلەر.

(فالمغيرت صبحا ٣) قەسەم قىلىمەن سوبھى وەقتىدە خدانىنك يولىدە تېز بىلە دۇشمەنلەر ئۈستىغە يوگۈرگوچى ئاتلار بىلە.

(فاثرن به نقعا ٤) ئول وەسپ قىلىنغان ئاتلار ئول سوبھى وەقتىدە غازات ئۈچۈن يوگۈرماق ئىلە توپراقنى قوزغادىلەر.

(فوسطن به جمعا ٥) ئول ئاتلار ئول سوبھى وەقتىدە دۇشمەنلەر جەمئىدىن بىر جەمئى ئورتاسىدا بولدىلەر.

ئۇشبو تۆرت جۈملەنى (ف) بىرلە كەلتۈرمەك ئوللارنىنك مابعدى ماقبلىغە مرتّب ئىكەنىگە دالالەت ئۈچۈن دۇر.

(ان الانسان لربه لكنود ٦) تەھقىق جنس ئىنسان پەروەردىگارى نىنك نىئمەتىغە ئەلبەتتە قاتتىغ كۇپران ئەتكوچى دۇر شۇكران قىلماغوچىدۇر.

(وانه على ذلك لشهيد ٧) وە تەھقىق ئول ئىنسان ئۆزىنىنك پەروەردىگارىغە كۇپران نىئمەت ئەتكەنلىقىغە شۇكران سىزلىقىنى ئەلبەتتە گوۋاھدۇر.

(وانه لحب الخير لشديد ٨) وە تەھقىق ئول ئىنسان مال دۇنيانى ياخشى كۆرگەن جەھەتدىن ئىبنى ئىشتىياق ئەتمەكىغە ئەلبەتتە قاتتىغ بخيل دۇر. ياكە ئول ئىنسان مال دۇنيانىنك موھەببەتىدە قەۋى وە تاقەتىنى سەرپ ئەتكوچىدۇر. وە مال دۇنيانى ئىختيار ئەتمەك دە وە ئىبنى ئىشتىمەك دە موبالىغە كۆرگۈزگوچىدۇر.

(افلا يعلم اذا بعثر ما في القبور ٩ وحصل ما في الصدور ١٠) ئايا ئول ئىنسان نىئمەت پەروەردىگارىغە ناسپاسلىق وە ئەموالىدە بخيل

لىق قىلماق كەبى ئەپئالى قەبىھەنى ئېرتىكاب قىلىدۇرمۇ؟ وەبىلمەي
دۇرمۇكە، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر چىقارىلىب تىرگۈزۈلگەن وەقتىدە
وەسىنەلەردە مەخپى قىلىنغان ياخشى وەيامان ھەممە نەرسە
لەر ئاشكارا قىلىنغان وەقتىدە.
(إِنَّ رَبَّهُمْ بِهِمْ يَوْمَئِذٍ لَخَبِيرٌ ۝11) شۇنىكەبى شۇبھە ئۇل بعث وە-
جازا ئۈچۈن ھازىر قىلىنغان خەلايىق نىڭ پەروەردىگارى ئۇل كۈندە ئۇلەر
نىڭ ئەئمالىغە مۇۋاپىق ئەلبەتتە جازا بەرگۈچىدۇر.

## ١٠١- سورة القارعە مكەدە نازىل بولمىش
## آيەتلەرى ١١ دۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(القارعة ۝1) قورقونچى وەھەيبەت بىرلە خەلق نىڭ كۆڭۈللەرىنى قاتتىغ ئۇرۇب
تىترەتكۈچى قىيامەت كۈنى
(ما القارعة ۝2) ئۇل قورقونچى وەھەيبەت بىرلە كۆڭۈللەرنى قاتتىغ ئۇرۇب تىترەت-
كۈچى كۈن نىڭ ھەقىقەتى نىمەدۇر؟
(وما ادريك ما القارعة ۝3) ئەي محمد (ص) ئۇل قورقونچى وەشىددەت ئىلە كۆڭۈللەرنى
تىترەتكۈچى ھادىسەنىڭ نىمە ئىكەنىنى وەھەقىقەتىنى سەنگا نىمە نەرسە
بىلدۈردى؟
(يوم يكون الناس كالفراش المبثوث ۝4) ئۇل ھەيبەت بىرلە كۆڭۈللەرنى
تىترەتكۈچى قىيامەت كۈنى ئانداغ بىر كۈندۇركە تىرىلگەن ئۆلۈك ئادەملەر تولالىق
دىن ئۇل كۈننىڭ قورقونچى وەدەھشەتىدىن تامام ھەيرەت وە ئىزتىرابدە
بولغانلىقلەرىدىن وەزىللەت وە ئىزتىرارنىڭ نىھايەتىغە يېتىشكەن
لىكلەرىدىن ھاللەرىنىڭ نىمە بولۇشىنى بىلمەي ھەرتەرەپكە

ساچىلغان كوپەلەكلەر وەكىچىك چېكەتكولەردەك بىر بىرلەرىنىڭ ئۈ-
ستىغە يا يىلىپ خار وەزەلىل لىق ئىلە ھەيرانلىق وەسارا سىمەلىقدە
بولورلەر.

(وتكون الجبال كالعهن المنفوش ۝٥) وە ئۇل كونىنىڭ شىدەتىدىن
پەلەند تاغلەر ئېتىلغان رەڭمو-رەڭ يۈڭ پارچەلەرىدەك تىتىلىب
ھاواغە ئۇچارلەر.

(فاما من ثقلت موازينه ۝٦ فهو فى عيشة راضية ۝٧) ئەمماكىم كە-
ئۇل روز ھەسرەت ئەندوزەدە ئىنىڭ ياخشى ئەمەللەرىنىڭ مىزانى
ئېغىر بولسا يەئنى ئەئمالى سالىھەسىنىڭ مىقدارى ئەعمالى سىئە-
سىدىن چوق بولسا، ئۇل كىشى ھەمىشە خوشلۇق ئىلە بولودورغان
راھەت ئىچرە دور.

(واما من خفت موازينه ۝٨ فامه هاوية ۝٩) وە ئەمماكىم كە ئېنىڭ
ئۇبدان ئەمەللەرىنىڭ مىزانى يەنگىل بولسا يەئكە ھەرگىز ياخشى
ئەمەللەر ۋوجودغە كەلمىگەن بولسا ئۇل كىشىنىڭ سىغىندورغانى وە-
قايتادورغان جايى ھاويە ناملىق دەۋزەخ دور.

ھاويە - دەۋزەخنىڭ ناملەرىدىن بىر نام دور. ھاويە دەپ
ئاتاماقنىڭ ھايەت چوقورلىقىدىن وە تېگىنىڭ يىراقلىقىدىن دور.

ھاويە - دەۋزەخنىڭ ھەممە دەركەلەرىدىن ئىنىڭ توبەن دە-
رەكەسىدور.

(وما ادريك ماهية ۝١٠ نار حامية ۝١١) ئى محمد (ص) ئۇل ھاويە
نىڭ ھەقىقەتىنى قايسى نەرسە ساڭا بىلدوردى، وە كىم
ساڭا ئاندىن خەبەر بەردى ئۇل ھاويە غايەتتە ھارارەتلىك
بىر ئۇلوغ ئوتدور.

## 102- سورة التكاثر مكەدە نازىل ئولمىش
## آيت لەرى 8 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(الهكم التكاثر ١) مال ۋە جاي ۋە سايمانلەركوپەيتمەك ئىلە
مەشغۇللۇق سىز، ئىنسانلەرنى مۇھىم نەرسەلەردىن يۈز ئۆرۈتتى
ياكە مال ۋە جاينىڭ تولالىقى ئىلە بىر بىرلەرىڭىز بىرلە ماقتانىشماق
سىزلەرنى مۇھىم نەرسەلەردىن مەشغۇل غاپىل قىلدى.
(حتى زرتم المقابر ٢) تا ئۆلۈپ زامانغىچەكە قەبرىستاننى زىيارەت
قىلدىڭىزلار يەئنى ئۆلۈپ قەبرىگە كومۇلۇپ ئەھلى قوبۇردىن بولغۇنچەكوپەيت
مەك سەۋەبى بىرلە غەپلەتدە بولدىڭىزلار
(كلا سوف تعلمون ٣) ئى ئىنسانلەر سىز گومان قىلغاندەك ئىنسان
نىڭ پەزىلەت ۋە سائادەتى دۇنيانىڭ پۇل مالله‌رىنىڭ كوپلىكى ۋە
بالاچاقالەرنىڭ تولالىقى بىلە ئېمەسدۇر. ئاڭا بولوغ؛ ئاقىبەت
نىڭ غايەت ھىممەتى ۋە نىھايەت قەسدى دۇنياغە موقەسسەۋور
بولماق ھەرگىز موناسىب ئېمەسدۇر. چۈنكى دۇنيانىڭ ئاقىبەتى
ھەسرەتدۇر. ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن تۇشەك ھاسىل قىلمىغان كىشىنىڭ
مالى بى شۇبھە نادامەتتىز دۇر،
(ثم كلا سوف تعلمون ٤) سوڭرە تەھقىق تىزدۇركە ئۆل كوپەيتمەك
بىرلە مەشغۇل بولماقىڭىزنىڭ ئاقىبەتىنى بىلۇرسىز،
(كلا لو تعلمون علم اليقين ٥) تەھقىق ئەگەر سىزلەر ئاقىبەت
ئۆمرىڭىزنىڭ نىمە ئىكەنىنى ھېچ شەك بولتاپمايدورغان ئىلم يەقىن
بىرلە بىلسەڭىز ئىدى. ئەلبەتتە مال دۇنيانىڭ تولالىقى ئىلە مەشغۇل
ۋە ماقتانىشماق ئەيلەمەك سىزلەرنى ئەمرى ئىلاھىنى بىجا كەلتۇر
مەكدىن غاپىل قىلماس ئىدى.
(لترون الجحيم ٦) ئى كثرەت مال ۋە مەنال مەشغۇل بولوپ پەخرى ۋە
ماقتانىشماق ئىلە دۇنيانى يېغىپ ئىنى خەيراتقە سەرپ قىلماقنى

ئىستېمە ى كەنى قىلغان غاپىل لەر ۋە ئېنىڭ يامان ئاقىبەتىدىن
بى خەبەر جاھىل لەر «من ذات الوهيت» ئاياتىم بىلە قەسەم قىلىمەنكى
ئەلبەتتە سىزلەر قاتتىق يانادورغان دەۋزەخ نىڭ ئاتەشىنى ئۆزكۆ
زىڭىز بىلەن كۆرۈسىز لەر.
(ثم لترونها عين اليقين ٧) سوڭرە زات الوهيت ئايەتىم ئىلە قەسەم
قىلىمەنكى ئەلبەتتە سىزلەر ئۇل "دار العذاب" بولغان دەۋزەخنى
بىلىم نىڭ ئۆزى بولغان كۆرمەك ئىلە كۆرەسىز لەر. عين اليقين بىرنەر
سەنى ھەقىقەتى ئىلە كۆرمەك ۋە باقماق ئىلە بىلمەك دۇر؛
(ثم لتسئلن يومئذ عن النعيم ٨) سوڭرە ئى ئىنسانلەر قىيا-
مەت كۈنىدە ئەلبەتتە سىزلەرنى غاپىل قىلغان نېئمەتلەردىن
سورالاسىز لەر. يەئنى بۇ دۇنيادە لەززەت لىنىپ مەغرۇرلۇق
ئىلە تاپاخىر قىلىب ھەق دىن غاپىل بولماقىڭىز غە سەبەب بولغان
نېئمەت لەرىڭىزدىن قىيامەت كۈنى سورالاسىز كە ئۇل مال اللەردىن الله
تعالى بويرۇغان ھوقوق واجىبە لەرنى ئادا قىلدىڭىزمو؟ ۋە ئۇل
نېئمەتلەر ئىلە پايدە لانماقتا الله تعالى بىلدۈرگەن ھودود ۋە ھوكم
لەرنى رائايە قىلدىڭىزمو دەپ.

## 103 - سورة العصر مكه دە نازىل ئولمىش
## آيتلەرى 3 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(والعصر ١ ان الانسان لفى خسر ٢) عصر - يەئنى ئادەملەرنىڭ ھەر
كەت ۋە عمل لەرى واقع بولغان زامان - بىلەن قەسەم قىلىمەنكە تەھقىق
جىنس ئىنسانلەر ھەركەتلەرىدە ۋە ئۆمرى لەرىنى سەرپ ئەتمەكدە

www.uyghurkitap.com



ئەلبەتتە ئۇلوغ زاماندە گومراليق دە دورلەر. ئەكسەر تەپسىر
لەر عصر دىن مراد دهر يەئنى موتلەق زامان دەپ دورلەر.
سوڭرە دهر نىڭ مقسم دەبولماقلىغى دە بىرنەچچە وەجهىلەر باردور
١- دهر بىرلە قسم قىلماق ئىنىڭ ئانداغ عجايب موشتەمىل بولغان
لىقى ئۈچۈن دور.
٢- دهر بىرلە قسم قىلماق ئىنسانلەر سوء اعتقاد تأثىرى ئىلە
دهرغە نىسبەت بەرگەن ئاپات وە ھاوادىث نىڭ نفى ئىلە تعريض
ئەيلەمەكدور. يەئنى ئىنسان ئالەمدە ئۇزىغە يېتىشكەن مكارە وە
نوائب نى روزگارغە اسناد قىلادور. وە ھەممە شاقاوەت وە خسرانى
ئانىڭغا نىسبەت بىرەدور. ئۇشبو زەئمنى رەد ئەتمەك ئۈچۈن الله تعالى
عصر بىرلە قسم قىلىب دور.
٣- دهر بىرلە قسم قىلماق، دهرلەر نىڭ زەئمنى رەد قىلماق ئۈچۈن
دور چونكى دهرلەر ئېتىقادلەرىدە ئالەمدىكى ھاوادىث لەر دهر نىڭ
گوروشى دەورى ئىلە بولادور، دەيدورلەر ھايات وە ئۆلۈم شوكا-
ئۇخشە ھاوادىسنى تەئسىرات تەبايىئ وە ھركات ئىملاكغە نىسبەت،
بىرىب الله قدىرىنىڭ و وجودىغە ئىنكار قىلىدورلەر. الله سبحانە
نىڭ دهر بىلە قەسەم قىلماقى ئىلە ئۇل گردە گومراەنىڭ زعم لەرى
مەردود ئولدى.
(الا الذين امنوا وعملوا الصلحت) مەگەر ھەركەتدە ئولوغ زىياندە ئەمەس
دور. ئانداغ ئادەملەركە الله تعالى نىڭ بىرلىكىغە ئىمان كەلتوردىلەر.
وە ئول ئېتىقادلەرىغە موافق ئەئمال صالحە وە خەيرات باقيە
ئىكتىساب ئەيلەدىلەر.
بو ئايەتدىكى الذين آمنوا دين مراد ياخشى ئەخلاق ئىلە يامان
ئەخلاق ئاراسىدەكى پەرقنى ئېتىقاد سەھىئ ئىلە ئايرىغوچىدور.
وە بەندەلەرنىڭ ئۇستىدە ئەئمال خەيرلەرىغە رازى بولوب

ساواب بېرەدورغان وە ئەئمال شەرلەرىدىن نارازى ئولوب ئازاپ
بېرەدورغان بىر ھاكىم قەدىر بارلىغىنى وە ھەم قىيامەت كوندە بەندە
لەرغە دونيادا قىلغان خاھى ياخشى وە خاھى يامان ئەمەللەر ئوچون جازا
بارلىغىنى تەسدىق قىلغوچى لەردور . وعملوا الصلحت دىن مېراد: ئوز
نەپسى لەرى وە ئەھل ئەولادلەرى ئوچون وە ھەم بىتون اسلام مللە
تىنىڭ پايدىسى ئوچون ياخشى ئەمەللەرنى وجودغە كەلتورگوچى
لەردور .

(وتواصوا بالحق) وە بىر بىرلەرىغە ھەق بىرلە وسىيەت قىلىشتىلەر
يەئنى ئانداغ مەھكەم نەرسە بىرلەكە كىم ئاتا ئىنكار ئەتمەكغە ھيچ
بىر يول وە ئىمنىڭ ياخشى ئاسارىغە ئىككى دونيادا ھيچ بىر زاوال يوقتور:
وە ئول مەھكەم نەرسە ئېتىقاددە وە ئەمەلدە بىر ئاللاھ يىگانەنىڭ
وجودىغە تەسدىق ئەتمەك وە ئىمنىڭ كتاب موبەييىنى وە
رەسول ئەمىنى غە بويون سونماق دىن ئىبارەتدور . ياكە ھەق
دىن مېراد؛ الله تعالى دور . يەئنى ھەقنىڭ ئىبادەتىغە وە تائە
تىغە بىر بىرلەرىنى بويرىشتىلەر دېمەكدور . ياكە ھەق دىن قوران
ئەزيم دور . يەئنى قوران غە بويون سونماقغە بىر بىرلەرىنى بويرىش
تىلەر دېمەكدور . ياكە حق دىن مراد ئىسلام دور . يەئنى دىن حق غە
بويون سونماقغە بىر بىرلەرىنى بويرۇشتىلەر دېمەكدور .

(وتواصوا بالصبر ٣) وە يەنە بىر بىرلەرىنى سەبرغە بويرۇش
تىلەر . يەئنى نەپس ئاممارەنىڭ راغىب وە مايىل بولادورغان گوناھ
لەردىن سەبرى قىلماق بىرلە وە كوڭولغە ئىبغىر موشەققەت بولا-
دورغان تائەت بىجا كەلتورمەكغە صبرى ئەتمەك بىرلە وە الله
تعالى بەندەلەرىنى ئەزمايىش قىلماق ئوچون توشورگەن بەزى بىر
بالالەرغە سەبرى ئەيلمەك بىلە وەسىيەت قىلىشتىلەر دېمەكدور
امام شافعى رحمه الله دىب دوركە ، ئەگەر ئىنسانلەر ئوشبو سورە

شەرىيئەتنىڭ مەزمۇنىغا چىڭ ئويلاپ پىكىرلىرىنى يۈرگۈزسەلەر
دىن ۋە دۇنيا كارى بارىدە ئەلبەتتە ئۇلارغە يالغۇز ئۇشبۇ
سورەنىڭ ئۆزىگىنە كوپايە قىلادۇر دېب
امام شافعى نىڭ بۇ سورە ھەقىقەتىنىڭ بايان ھېكمەت مۇرادى
بۇ ۋەجھى ئىلە دۇركە ئۇبۇدىيەتنىڭ مەرتىبەلەرى تۆرت دۇر.
بۇ تۆرتنى كامالىغە يەتكۈزۈش ئىلە ئىنسانغە غايەت كامال ھاسىل بولىدۇ.

1- مەئرىفەت ھەق دۇر.
2- ئۇل مەئرىفەت مۇقتەزاسىچە ئەمەل قىلماقدۇر.
3- ئۇنى ئۇبدان بىلمىگەنلەرگە تەئلىم بەرمەك
4- ئىنى ئۆگەنمەك ۋە بىلگەنىگە ئەمەل قىلماق ۋە ئىنى ئۆزگەلەر
غە ئۆرگەتمەك ۋە سەبرنى لازىم تۇتماق دۇر.

## 104- سورة الهُمَزَة مكەدە نازىل ئولمىش
## آيتلەرى 9 دۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(ويل لكل همزة لمزة ①) قاتتىق ھەسرەت ۋە ئەقوبەت بولسۇن ئادەم
لەرنىڭ ئابرۇيلەرىغە تەگمەكنى ئادەت ئىلەنگەن ۋە ئادەملەرنى يامان ئىش ۋە
بۇزۇقسۇيە ئىلەر بىلە ئەيب ئەتمەكنى ئۆزىغە شوئار ئەيلەگەن ۋە
ئىنسانلەرنىڭ ھوزۇر ۋە غەيبلەرىدە ئەيبلەرىنى ئاشكارا قىلما
قنى ئۆزىغە ھۈنەر بىلگەن كۆزى قاشى بىرلە ئىشارە ئەيلەپ ئەيبلەر
نى بىلدۈرمەكنى ئىلتىزام قىلغان ھەربىر بەدئەخلاق ۋە ھەشى مۇنافىقغە.
بۇ سورەنىڭ نۇزۇلى بارەسىدە سىيرەت ابن ھىشام نەقل قىلىب
دۇركە: لۆمەييە بن خەلەب بىن ۋەھەب ھەر قاچان رسول اكرم صلى الله

عليه وسلم نى كورسه، هه مزه وه له مز قيلور ئدى. يه ئنى كوز وه قاشى
برله ئشاره ت قيليب وه ئه يب قيليپ ئازار بيرور ئدى. الله تعالى ئينىڭ
هه ققيده «ويل لكل همزة لمزة» سورة سينى ئاخرى غىچه نازيل قيلدى ديب

شوكنا نوخشه مو په سسيرله ر ئه گه رچه بو سورة ئه خنه س بىن شه
رىق نىڭ هه ققيده ياكه وه ليد بن موغيره نىڭ شانيده نازيل بولغان دىسه
له رمو، ليكىن اصح بو كىم بو ئايه ت هه ر بىر همز ولمز نى ئاده ت قيلغانىخه لق
نىڭ ئه يب له رنى ئاشكارى قيلماقنى را وا بيلگه نله رغه ئام دور. زيرا كه (لكل)
ئينىڭ ئام ليقيغه ده لالەت قيلدور.

(الذى جمع مالا وعدده ٢) ئول ئانداغ ئادەم دوركه تولا مالنى يىغدى
وه ئنى جايىغه سه رپ ئه تماى هاوارس دروزگار ئوچون زه خىره قيلدى
(يحسب ان ماله اخلده ٣) ئول ئادەم گومان قيلدوركه ئىنىڭ ئول يىققان
مېلى دونيادا ئنى هه مىشه باقى قالدورادور وه ئانى ئولومنى توسادور
(كلا لينبذن فى الحطمة ٤) ته حقيق ئانگا بولسون عزت وه جالالم بيلەن قه
سه م قيلىمه نكى البته - البته ئول مالدار باتل پىندارلى دەوزەخ حطمه
غه ئاتىب تاشلىنادور. يه ئنى ئانداغ دەهشه تليك ئوتغكم ئينىڭ
ئاده تى ئانگا تاشلانغان نه رسنى سيندورو ب وه تامام كويدوروب نابود
قيلماق دور.

(وما ادريك ما الحطمة ٥) ئى محمد (ص) حطمة نىڭ هه قيقه تى نىمه ئكه نىنى
سانگا كىم بيلدوردى. بيلمه سه نمو؟ ئول قانداغ قورقونچليق نه رسه دور

سوڭره الله تعالى ئول حُطَمَةِ نى ته پسير قيليب ئيتادور:

(نار الله الموقدة ٦ التى تطلع على الافئدة ٧) ئول حطمه الله قديرنىڭ امرى
وه قودره تى ئله ياندورولغان ئوت دور. ئانداغ بىر ئوت دوركه ئادەمله ر
نىڭ ئلم وه مه ئريه ت وه ئىستقادله رنىڭ جايى بولغان كوڭول له رىغه ئورله يدور
وه ئىنى ئنهاته ئه يلەپ شيدەت ئله كويدوروب ئازاب قيلندور.

(انها عليهم مؤصدة ٨ فى عمد ممددة ٩) ته حقيق ئول ئه مرى ئيلاهى

ئىلە ياندورولغان ئوت ئۇل دەوزەخىلەر ئۈزرە باغلانغان دۇر. ئۇل دەوزەخ
غە كىرگەنلەرنىڭ ئاندىن چىقماقلىقىدىن مەئيوسلىق لەرىنى تەئكىد قىلماق
وە ئەبەدى ھەپسدە ئىكەنلىك لەرىنى ئۇلەرغە جەزمى بىلدورمەك
ئۈچۈن حُطمة نىڭ ئىشىكى ئۇلەرغە باغلانمىش دۇر. ئۇل حُطمة نىڭ
ئىشىكلەرى ئۇل موجرىم لەرغە باغلانغان بولور ئۇل حالدا ئۇلەر
ئۈزۈن ستونلەر ئىچرە بەن قىلىنغان بولورلەر. ياكە ئۇل حُطمة
دەرەكەسى نىڭ ئىشىك لەرى ئۇل موجرىم لەر ئۈزرە باغلانغان بولور
ئۇل حالدىكى ئۇل ئىشىك لەر ئۈزۈن ياغاچ كەبى نەرسەلەر ئىلە تا-
قىلىپ قويولغان بولور دىمەك دۇر.

## 105 - سورة الفيل مكه دە نازىل بولمىش
## آيت لەرى 5 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(الم تر كيف فعل ربك باصحب الفيل ①) ئى محمد(ص) ئايا كوردىڭمو سېنىڭ
رەببىڭ فيل ئىگەلەرغە نەچوك مائامله قىلدى. يەئنى كعبه نى خاراب
قىلماقغە قەسد ئەتكەنلەرغە ئازاب توشوروب ئۇلەرنى نەچوك
ھىلاك قىلدى.

رسول الله صلى الله عليه وسلم نىڭ توغولغان يىلى (570) دە يەمەن
والىسى ئەبرەھە ئەلئەشرەم ئەرەبىستان دىكى تامام ئادەملەرنى كعبه
تاۋافى دىن يوز ئۆيورتوپ سەنئا شەھرىدە غايەت چىرايلىق ياسىغان
كنيسه نىڭ زيارەتىغە ئىستقبال قىلدورماق ئۈچۈن نۇرغۇن لەشكەر
يىغىب بىر نەچچە فيل جەنگىلەرنى ھەمرەھ ئېلىپ مكه قەسدىدە چىقتى
ئەمما مكه قابائىل لەرى ئەبرەھە بىرلە موقابىلە ئەيلەمەككە تاقەتلەرى

كەلمەسلىكىنى بىلىپ ناچار ئېنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلماقتىن يۈز ئۆرۈپ
قاچتىلەر. ئەبرەھە لەشكەرلەرى بىرلە مەككەغە يېقىن كەلگەندە -
الله تعالى تەرەپىدىن قالغاچقە ئوخشە بىر مۇنچە كىچىك قوشلەرنى
يىبەردىكە هەر بىر قوشتە ئۈچ دانە تاش بار، بىرى تۇمشۇقىدە ئىككى
سى، ئىككى چاڭگاليدە مەزكور قوشلەر كېلىپ ئول تاشلەرنى ئەبرەھە
نىڭ ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىغە ئاتماققە باشلىدىلەر ئول تاشلەر
ئول ئەسكەرلەردىن قايسى بىرىغە تەگسە ئەلبەتتە ئول كىشى هىلاك بو
لوپ ئىدى. وە دەهشەتلىك وە پەرىشانلىق ئىلە بو ئەسكەرلەر هەزىمەت
بولوپ چول وە تاغلەرغە قاچتىلەر، وە كوبلەرى بوندە ئۆلدى. ئەمما:
ئەبرەھەغە جذام كېسەلى مۇبتالا بولوپ گوشلەرى پارە پارە بولوپ توكولور
ئىدى شوندەغ حالەت بىلەن صنعاء غە يېتىشتى.

(الم يجعل كيدهم في تضليل ٢) ئايا رەببىنىڭ ئول فىل ئىگەلەرىنىڭ كعبەنى بوزماق
بارىسىدە قىلغان هەرەكەت و مېكرىلەرىنى يوق ئەتمىدىمو، يەئنى ئۇلەرنىڭ
تەخرىب بيت الله توغرىسىدە قىلغان ئىجتىهاد وە ئىهتىياللىنى بى شوبهە
باتىل قىلدى.

(وارسل عليهم طيرا ابابيل ٣) وە پەروەردىگارىنىڭ ئول فىل ئىگەلەرى
ئۈزرە بىرى بىرىنىڭ ئارقەسىدىن ئۈزولمەي بولغان كوپ قوشلەرنى ئىبەردى
(ترميهم بحجارة من سجيل ٤) ئانداغ قوشلەركە ئۇلەر تاش بىرلە ئول فىل ئىگە
لەرنى ئاتادورلەر.

سجيل بىر مۇنچە موپەسسىرلەرنىڭ سوزىگە كورە سەنگ گىل دېمەكدور.
(فجعلهم كعصف مأكول ٥) رەببىنىڭ ئول قوشلەر ئاتقان تاشلەر بىرلە - ئول
فىل ئىگەلەرنى قورت لەر يىگەن ساماندەك قىلدى، ياكە هايوانات لەر
يەپ ئاياغلەرى ئىلە بېسىپ يەنجىب مەيدە قىلغان زىرائەتدەك
نابوت قىلدى دېمەكدور.

## 106- سورة القريش مكه دە نازىل بولمىش
## آيەت لەرى 4 دۇر.

بسم الله الرحمن الرحيم

(لايلف قريش ۝ ايلفهم رحلة الشتاء والصيف ۝) قۇرەيش قەۋمى
نىڭ ئۇلپەت ئېلىشى لازىم تۇتماقى ئۈچۈن، يەنى ئۇل قەۋم نىڭ قىش سەپەرى
ۋە ياز سەپەرىغە مۇداۋەمەت كۆرگۈزۈپ ئېنى لازىم تۇتماقلەرى ئۈچۈن
قۇرەيش قەۋمى نىڭ قىشدە يەمەن سەپەرىنى لازىم تۇتۇپ، يازدە شام
سەپەرىغە مۇداۋەمەت كۆرگۈزۈپ ئۇشبۇ ئىككى خىل سەپەرغە ئۇلپەت
ئالماق ئۈچۈن ئاندا مەۋازىبەت ئەيلەمەكلەرى
ئۈچۈن دۇر. الله سبحانه مەھزى يەزلى ئۈچۈن قەست ھەدم بيت الله -
قىلغان فىل ئىگەلەرىنى ھەلاك قىلغاچ مكە ئەھلى نىڭ ھۆرمەت قەدرى زيادە
بولوپ، دىللەردە ئۇلەرنىڭ ھەيبەتى ئارتدى. ئۇل ئۇلپەت ئالغان ئىككى خىل تىجا
رەت سەپەرلەرىغە داۋام كۆرگۈزۈپ لازىم تۇتتى لەر.
لايلف دېگەن لام نىڭ بارەسىدە تەپاسىر ئەھلى بىر نەچچە ۋەجھى لەر بىرلە
بايان قىلىپ دۇر لەر.
١- بەزىلەرى ئېنى ما قبل دېگەن فجعلهم كعصف مأكول غە موتەئەللوق
دەپ دۇر. ئۇشبۇ سورە نىڭ ئىچىدە زىكرى قىلىنغان قەۋلى ئىلاھى: فليعبدوا
رب هذا البيت، ئۇشبۇ تەۋلى نىڭ موھەققەقىغە دەلالەت قىلادۇر. چۈنكى:
ئۇل سورە فىل نىڭ ئەۋۋەلىغە ئىشارەت دۇر. گويا الله سبحانه ئېيتادۇركە:
قۇرەيش قەۋمى ئۇشبۇ بەيت نىڭ پەرۋەردىگارىغە ئىبادەت قىلماقنى لازىم تۇتسۇن
لەر. ئانداغ بەيت شەرىفگە فىل ئىگەلەرى ئېنى بۇزماقنى قەست ئەتگەچ
بۇ بەيت نىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلەرنىڭ ئەمەل قەسدىنى توستى، قۇرەيش قەۋمى
نىڭ ئىلاپىنى ئەپنى ئۈچۈن،

2- بەزىلەر لِإِيلَافِ نىڭ لامىنى فعل محذوفغە مۇتەئەللىق دور. تقديرى
فجعلنا بأصحاب الفيل ما فعلنا لإيلاف قورەيش دەپ دور. لەر بۇسوز
نىڭ مەئنىسى ئەۋۋەلقى ۋەجە نىڭ ئەينى دور،

3- بەزىلەر لامنى مابعدى دىكى فليعبدوا غە مۇتەئەللىق دەيدورلەر
بۇسوزغە كۆرە فليعبدوا دىكى فاء كلام دە شەرط نىڭ مەئنىسى موقەددەر
بولغان جەھەتدىن داخىل بولوب دور،

4- بەزىلەر دەيدوركىم لام تەئەججۇب دور، تقديرى اعجبوا-
لإيلاف قريش دىمەك دور. ((فليعبدوا رب هذا البيت ③)) قريش قەۋمى
كىرەككىم بەندەلىك قىلماقنى لازىم بىلگەيلەر. ئۇشبو بۇيۇك ئۆينىڭ پەرۋەر
دىگارىغە تائەت ۋە ئىبادەت قىلغاي.

(الذي أطعمهم من جوع وآمنهم من خوف ④) ئانداغ پەرۋەردىگار دوركە
ئۇلەرنى جۇعدىن ئاچلىقدىن تويغوزدى ۋە ئۇلوغ قورقونچىدىن ئۇلەرنى ئەمىن
قىلدى. ئەگەر قريش قەۋمى الله تعالى نىڭ ئۇزلەرىغە ئىنئام قىلغان
ھەر بىر نىئمەتى ئۈچۈن شۇكرە ئەيتسە الله تعالى غە بەندەلىك قىلماقنى
لازىم توتماسالەرمو، ئەلبەتتە ئۇلەرغە لازىم دوركە قىش ۋە يازلىق
بىرلە تجارەت قىلماق نىئمەتنى الله تعالى ئۇلەرغە مويەسسەر قىلىب بەر
گەنى ئۈچۈن ئىنىڭ شۇكرىنى ئادا ئەيلىمەك جەھەتدىن ئۇشبو بەيتمو-
كەررەم نىڭ رەببىغە بەندەلىك قىلغايلەر. ئانداغ رەببى كەرىم غە
ئۇل ئىلكى خىل سەپەرسە بەبى ئىلە ئۇلەرنى قاتتىق ئاچلىقدىن تويغوزدى
قورقونچىدىن ئۇلەرغە ئامان بەردى.

107- سورة الماعون مكە دە نازىل ئۇلمىش

آيتلەرى 7 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(أرأيت الذي يكذب بالدين ①) ئايا بىلدىڭمۇ ئانداغ ئادەمكە دىننى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



يالغان قىلىدۇ. يەنى بۇ موخاتەپ ئاقىل ئايا كۆرۈدىڭمۇ ئانداغ بىر
كىشىنى كە ئۇ يالغان قىلىدۇر ئۇ دىن موقەددەس ئىسلامىنى
كە دە لائىبىلى غايەتتە ئاشكارا وە ۋازىھ وە بەراھىنى ناھايەتتە
زاھىر دۇر. ياكە: كۆردۈڭمۇ ئانداغ بىر كىشى نىكە ئۇ بەئس
وە قىيامەتكە ئىشەنمەيدۇرغان مۇنكىر بولۇپ ھەق ھەر بىر يامان
ئەمەلگە ئىقدام قىلغۇچىنى.

الله سبحانه ئۇ دىن نى يالغان قىلغۇچى نىڭ قايداغ كىشى ئىكەن
لىكىنى تونۇتماق ئۈچۈن ئەيتادۇركە:
(فذلك الذى يدع اليتيم ۝٢) ئەگەر ئۇ تەكذىب دىن قىلغۇچى نى
تونۇماساڭ يا ئەگەر ئىنى تونۇماقنى ئىرادە قىلساڭ ئۇ دىننى تەكذىب
قىلغۇچى ئانداغ كىشى دۇركىم يېتىمنى قاتتىغ ئىشتىپ خارلاپ ئاچچىق بىرلە
وە دەشنام بىرلە قېپتىدىن ھەيدەيدۇر.
(ولا يحض على طعام المسكين ۝٣) وە ھەم مىسكىن موھتاجلەرنىڭ
ئەھۋالىنى كۆرەپ وە ئۇ ئىشغە قىزىقتۇرمايدۇر وە ئۆزى ھەم
يېمەك بەرمەيدۇر
(فويل للمصلين ۝٤ الذين هم عن صلاتهم ساهون ۝٥) قاتتىق
ئازاب وە ھەلاكەتتە دۇر، ئانداغ ناماز ئوقۇغۇچىلەرغەكىم ئۇلەر
نامازلەرىدىن غافىل دۇرلەر.

ساھون: - نىڭ مەئنىسى شۇدە دەپ دۇركە ئۇلەر نامازنى ئۇل
قەدەر يەڭگىل وە خار كۆرگۈچىلەر دۇركە نامازنىڭ وەقتى ئۆتۈپ
كېتىشىدىن ھىچ پەرۋا قىلماسلەر. وە ئىنىڭ قازا بولغانىغە كۆڭۈل
لەرىدە نادامەت ئەسەرىنى تاپماسلەر. ئىنىڭ ئاداسى وە تاش
لىماق دىن پەرۋالەرى يوق. ئادا قىلغاندا ئاندىن ساۋاپ ئۈمىد قىل
ماسلەر وە تەرك ئەتكەندە ئىنىڭ ئاقىبەتىدىن قورقماسلەر.
(الذين هم يراءون ۝٦) ئۇ نامازلەرىدىن غافىل بولغۇچىلەر ئانداغ

كىشىلەردۇركە ئۇلەر قىلغان ئىشلەرىدە رىيا قىلىدۇرلەر يەئنى
ھەر بىر ئەمەل خەيرىنى قىلسالەر مەقسەدى ئادەملەرغە كۆرگۈزۈپ
ئادەملەرنىڭ ماقتامىقى ئۈچۈن قىلادۇرلەر. اللە تعالى ئەمرى
قىلغان ئىبادەتنىڭ ھەقىقەت وە سىررىدىن تامام بىخەبەردۇرلەر
(ويمنعون الماعون ۷) وە زاكاتنى بەرمەيدۇرلەر ياكى ئۇرفە وە ئا
دەتدە ئادەملەر بىر بىرىدىن ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتىدۇرغان
نەرسەلەرنى ئارىيەت بەرمەكدىن توسادۇرلەر.
ماعون:- نىڭ مەئنىسى خاھ زاكات بولسۇن. خاھ ئارىيەت ئېلىندۇر
غان نەرسەلەر بولسۇن ھەممەسىنى بوندە جەمئى ئەتمەك مومكىندۇر
بوتەرىقەدە كىم ئۇل سۈپەت قىلغان كىشىلەر ئۆز ماللەرىدە اللە تعالى
اهل مسكنت وە ئەھلى ھاجەت ئۈچۈن واجىب قىلغان ھەقلەرنى تو
سادۇرلەر. ئەھلى سوكۇنت نىڭ بحكم شرع واجىب بولغان ھەققىنى
مەنئى قىلىدۇرلەر وە ئەھلى ھاجەتنىڭ بىھوكمى ئىنسانىيەت
ئارىيەت بەرمىكى مۇناسىب بولغان ھەقلەرىنى مەنئى قىلادۇردىمە-
كدۇر. مەقسۇد بۇ ئايەتدىن بەندەلەرنى ئۇشبو ئەشياء ھەقرە
لەرنى ئارىيەت بەرمەكتىن مەنئى كۆرگۈزۈپ بىخىللىق قىلماقدىن زجر
وە نەھيى ئەتمەكدۇر، چۈنكە مونداغ نەرسەلەرغە بىخىللىق
قىلماق غايەت پەسلىكدۇر. مۇئمىن نىڭ كارى ئېمەسدۇر،
مۇنافىق شوئارىدۇر.

١٠٨- سورة الكوثر مكەدە نازل بولمىش
آيتلەرى 3 دۇر
بسم الله الرحمن الرحيم

انا اعطيناك الكوثر (ئى نبى محمد ص) بىز سانگا تەھقىق كۆپ خەيرلەرنى ئاتا قىلدوق.

يەئنى ئىلىم ۋە ئەمەلدىن ۋە دۇنيا ئاخىرەتنىڭ شەرەپ ۋە سائادەتى
دىن كۆپلىك دەرىجە ناھايەتتە بولغان ياخشى ئىشلارنى ساڭا ئاتا قىلدۇق.
ۋە بۇ كۆپ خەيرلاردىن جەننەتتىكى كەۋسەر دەرياسىنى ھەم ساڭا ئاتا قىلدۇق -

ھەزرەتى ئەنەس رەدياللاھو دىن راۋايەت قىلمىشىكە بەۋەقتى
پەيغەمبەر صلى الله عليه وسلم نىڭ مۇبارەك كۆزى ئەندەك ئۇيقۇغە
باردى، سوڭرە تەبەسسۇم قىلىب بېشىنى كۆتەردى بىزلەر دېدۇككىم
يا رسول الله تەبەسسۇم قىلماقىڭغە سەبەب نىمەدۇر؟ دېدىكە
الله تعالى ماڭا بىر سورە نازىل قىلدى دەب «انا اعطيناك الكوثر» نى ئاخىرى
غىچە ئوقۇدى، سوڭرە دېدىكە ئايا كەۋسەرنىڭ نىمە ئىكەنىنى بىلەسىزلەرمۇ؟
دېدۇك كە: الله ۋە ئونىڭ رسولى داناراقدۇر. دېدىكە: كەۋسەر بىر دەر
يادۇر كە رەببىم ئىنى ماڭا ۋەعدە قىلدى. ئاندە خەير كەسىر باردۇر.
ئول بىر كۆلدۇر كە ئۇممەتلەرىم قىيامەت كۈنى ئول كۆلدىن ئىچادۇرلەر.

بۇ سورەنىڭ سەبەب نۇزۇلى بارەسىدە زىكرى قىلىنغان سۆز بۇ سو
رەنىڭ مەككەدە نازىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈدۇر. ئانداغ كە ئىبن ئىسحاق
ئەيتىبدۇر، ماڭا يەتكەن خەبەردە عاص بن وائل ھەرقاچان رسول
الله نىڭ ذىكرى مەجلىسلەردە بايان قىلىنسا، مەجلىس داشلەرىغە
دەر ئىدىكە: قويۇڭلەر ئىنىڭ سۆزىنى ئول ئەبتەردۇر ئىنىڭ ئەقبە
يادگارى يوقدۇر. ئەگەر ئۇلوب كەتسە ئىنىڭ نامى توگەيدۇر سىزلەر
ئاندىن قوتۇلاسىزلەر دەب.-

(فصل لربك وانحر) ئى محمد(ص) ئوشبو خەير كەسىرنىڭ شوكرانەسىي ئۈچۈن
رەببىڭ غىنە خاص ۋە خالىس ئىبادەت قىلماقدە دائىم بول. يەئنى
ھەممە ئىبادەتلەرنىڭ ئەئلائىغە جامع نامازغە مودا ۋەمەت قىل
ۋە ھەم ئول خەير كەسىر ئىنزافەسىغە شوكرى ئەتمەك ئۈچۈن توكە
لەرنى قوربانلىق گوشتىنى يېتىم ۋە مىسكىنلەرغە ئىتئام ئەت.
(إِنَّ شانئك هو الابتر ③) ئى محمد(ص) تەھقىق سېنى دوشمەن توتقۇچى

ۋە ساڭا مۇخالىپەت كۆرگۈزۈپ سېنى يامان كۆرگۈچى كىشى ئۆزى دۇر.
يەنى ئاس بىن ۋائىل - جاھاندىن نامى بى نىشان بولۇپ ئەسەرى
ئۈزۈلگۈچى كىشى يەنى كىمكە سېنىڭ ئازارىڭنى پىشە قىلسا ئاقىبەت
ئالەمدە ئاندىن بىر نىشان قالماس. دۇنيادا مەقسۇدىدىن ئۈزۈلۈر
ۋە ئۆلگەندىن سوڭ نامىدىن كېسىلۇر . ھەرگىز ئەبتەر بولمىغايسەن
بەلكى سېنىڭ نام شەرىپىڭ بۈيۈك ۋە شۆھرەت گىر ئۆلۈپ مەنابىر
ۋە مەنائىردە ۋە مەسجىدلەردە بوتۇن نەۋئى بەشەرنىڭ تىل
لەرىدە ابد الدهر مەشھۇر ۋە مەزكۇر بولغۇسىدۇر.

## 109 - سورة الكفرون مكەدە نازىل ئۆلمىش
## آيەتلەرى 6 دۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(قل يا ايها الكفرون ① لا اعبد ما تعبدون ②) ئى محمد (ص) ھەق غە
ئىنكار ئەيلەپ ئىسيان ۋە ئىناد پەردەسى بىرلە ھەققانىيەتنى ياپقۇچى ۋە
سېنى ئۆز ئىلاھ باتىللەرىغە ئىبادەت قىلماقغە تەرغىب ئەتكۈچى مۇشرىكىن
مەخسۇسلەرغە ئەيتقىلكىم ئى كافىرلەر مەن زامان ئايەندەدە ئىبادەت
قىلمايدۇر مەن ئۆل بۇتلەرغەكە سىزلەر ھازىر ئاڭا ئىبادەت قىلماقدادۇرسىز
لەر. يەنى سىز كافىرلە مەئبۇدلەردە زەئمىڭ ئەتكەن بۇتلەرغە ئىبادەت
قىلماق قايداغكە مەندىن ئىلگىرى مەندىن ۋوجۇدغە كەلمىدى، زامان
مۇستەقبەلدە ھەم ئىنىڭ مەندىن بولماقىغە كۆز تۇتماڭلەر.
(ولا انتم عابدون ما اعبد ③) ۋە سىزلەر مۇ، مەندىن بۇيان ماڭا تابى بولۇپ
ئىبادەت قىلغۇچى ئەمەسدۇر سىزلەر، مەن ھازىر ئىبادەت قىلماقدە
بولغان پەرۋەردىگار ئەزىمىشانغە. بو سۆزدىن مۇراد: شەرىئەت

هه قىقىده موئتهبهر ئىبادهت ئهلله ئىبادهت قىلماس سىزلهر دىيمه-
كدور. چونكه خوداى بى شهرىك غه مىسل وه شهرىك نىسبهت ئهيلهب
ئىبادهت قىلماق ئىسلامده موئتهبهر ئىيمه سدور. موشرىكلهر
ئهرهب ئهگهرچه خودانىڭ وجودىغه ئىقرار ئهيلهپ قىلغان
ئىبادهتىمىز اسمان وه زىمىننى ياراتقان الله ئۈچون دور دهپ ئىدى.
ئا قىلسه لهرمو، بوتلهرنى خوداغه واسىته قىلىب واسته لهرنى
تهئزىم ئهيلىمهك لهرىسه بى ئهلله ئىبادهت خالىس بىر ذات
واجب الوجودغه بولمىغانلىقدىن موئتهبهر ئىيمه س دور.
(ولآ انا عابد ما عبدتم ﴿٤﴾) وه مهن زمان جاهىلىيهتده بهئىسهتدىن
ئىلگىرى وه نه هازىر زامان سعادهت نىشان ئىسلامده هەرگىز ئىبادەت
قىلغوچى ئىمه سدور مهن ئۇل بوتلهرغه كه سىزلهر ئۇل بوتلهرغه
ئىبادهت قىلماقدىيكىز. يه ئنى جاهىلىيهت زامانىده موندا غ بىر ئهمرى
ناشايسته غه ئىقدام ئهتمهيدور مهن. ئهمدى نهبووهت ئهلله
مهخسوس قىلىنىب موبهللىغ ئىسلام بولغان زامانىمده بوتلهر بهر-
سىتىش قىلماقنى مه ندىن نهچوك تهمه قىلا سىزلهر.
(ولآ انتم عابدون ما اعبد ﴿٥﴾) سىزلهر مو هيچ وه قتىده ئىبادهت
قىلغوچى بولمادىڭلهر ئۇل مهئبود واجب الوجود يىگانه غه كه مهن تاكا-
هه مىشه ئىبادهت قىلماقتادور مهن.
(لكم دينكم ولى دين ﴿٦﴾) سىزنىڭ شىرك وه تهقلىد ئۈزره بولمىش
دىينىكىز سىزنىڭ ئۈزىڭىز ئۈچون دور.
مىنىڭ ئىخلاس تهوهىد ئۈزره بولمىش دىينىم مىنىڭ ئۈچون دور.
چونكه ئى موشرىك سىزلهرنى ههق وه نجات تهرهپىغه دهئوهت
ئهتمهك ئۈچون خداى يىگانه بى شهرىك تهرهپىدىن مه بئوس بولوبدور
مهن. كور و مه نكه سىزلهر مىنىڭ ده ئوهتىمنى قوبول قىلماى يىگانه
تهبئىيهت قىلماقنى ئىستىمهيدور سىز، بهلكه الله باتىللهرىڭىز-

ئىبادەتىغە مېنى تەرغىب قىلورسىز ئەمدى ئۆزىڭىزنى مەندىن ئۆزوب شېرىك
تەرەپىغە مېنى دەئۆەت ئەتمەڭ. مەن ھېچ وەقت سىزنىڭ مەئبودىڭىز بولغان
بوتلەرغە ئىبادەت قىلماققە مىل كورگوزمەسمەن. سىزلەر مېنىڭ مەئبو
دىم بولغان واجب الوجود يىگانە غەمو، يىگانە ئىبادەت قىلماي كوپرى ئۆزرە ھېلاكەتغە
يولوقورسىزلەر.

بو سورە موكەررەمەنىڭ نوزولى بارەسىدە ئاھادىس وە سىيەرلەردە يەدوركە
بىر كون رسول الله صلى الله عليه وسلم كعبه معظمه نى تاواپ قىلىب يورگەن ھالدا
قورەيشى نىڭ باش دەورائى دەچوڭلەرىدىن: اسود بن المطلب بن عبد العزى -
والوليد بن المغيره وە اميه بن خلف و عاص بن وائل السهمى ئۇل حضرەتغە ئۇتتور
كېلىب دېدىلەركە: ئى محمد كەل بىزلەر بىرلە مووافىقەت ئەيلەمەك يولىنى توت.
كېرەكلىكىم بىزلەر سىنىڭ مەئبودىڭغە بىر يىل ئىبادەت قىلغايمىز وە سەن بىزنىڭ
مەئبودلەرىمىزغە بىر يىل ئىبادەت قىلغايسەن. سىنىڭ ئىلە بىز بو تەرىقە ئىت
تىفاق ئەيلەمەك بىرلە ئىبادەت ئەمرىدە ئىشتىراك ئىتەيلوك. ئەگەر سىنىڭ
مەئبودىڭغە ئىبادەت قىلماق بىزلەرنىڭ توتقان ئايىنىمىزدىن خەير
ليك بولسا بىزلەر ئۇل خەيردىن بەھرىمەن بولورمىز. وە ئەگەر بىزنىڭ لازىم
توتغان ئايىنىمىز سىنىڭ دىنىڭدىكى بەندەلىق ئايىنى دىن خەيرلىك بولسا بى
شوبھە سەن ئۇل خەيردىن بەھرىمەند بولورسەن دەب.

الله تعالى ئۇل كافىرلەرنىڭ زالالەت سوزلەرىنىڭ رەددىدە بو سورەنى
نازىل قىلدى. سوڭرە رسول اكرم حضرتلەرى مەسجىد ال ھارامغە بىرىب مەز
كور قورەيشى جامەلەرى وە ئابابىرلەرى ئىلە ھەممە ھازىر بولغان مەجلىسدە
ئۇلەرنىڭ ئوستىدە قايىم بولغان ھالدە بو سورەنى تامام ئاخىرىغىچە قىرائەت
قىلدى. قورەيشى جامائەتى مونى ئىشتمەك بىرلە مايوس ئۆلوب، جناب
رسول اكرم صلى الله عليه وسلمغە وە اصحاب كرام رضى الله عنهم
لەرىغە ئازار يەتكوزمەككە قەس قىلماققە باشلادىلەر.

## ١١٥ - سورة النصر مدينەدە نازىل بولمىش
## آيەتلەرى 3 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(اذا جاء نصر الله والفتح ①) ئى محمد (ص) قاچانكى الله تعالى نىڭ وەئدە قىلغان نۇسرەت وە ياردەمى ساڭا كەلسە وە مكه نىڭ پەتھى ساڭا يۈز كەلتۈرسە مۇپەسسىرلەر وە ئەكسەر مۇھەددىسلەر ئىتتىپاق قىلىپ دۇرلەركى والفتح دىن مراد مكه دور. يەنى فتح الفتوح و فتح اعظم دەرلەر فتح مكه سەككىزىنچى سەنە ھىجرىيەدە رامضان مبارك نىڭ يىگىرمىنچى كۈنىدە رسول اكرم صلى الله عليه وسلم كوكبه عظيمه ئىلە مكه غه داخىل بولوب كعبه-معظمه نى بوتلەردىن پاك ئەيلەپ مكه نى ئۆز تەسەررۇپىغە و ئىدارە ئەمرىغە كىرگۈزگەنىدىن ئىبارەت دور.

(ورأيت الناس يدخلون فى دين الله افواجا ②) وە ھەر قاچان الله نىڭ دىنىغە ئادەملەرنىڭ پەوج-پەوج وە جاماەت-جاماەت بولوب كىرگەنلىكلەرىنى كۆرسەڭ.

مۇپەسسىرلەر دېپ دورلەركى الناس دىن ھەممە ئەرەب قابائىلى دور. مكه فەتھى بولغاندىن كېيىن ئەرەپ قەبىلەلەرى ئۈزۈلۈشسىز جاماەت بولوب ئىسلامغە داخىل بولماققە باشلىدىلەر.

(فسبح بحمد ربك) ئى محمد (ص) رەببىڭ نىڭ ھەمدو سەناسىغە مشغول بولماق ئىلە ئىنى ھەممە ئەيب وە شەكدىن پاك و تقديس ئەت.

(واستغفره) وە رەببىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىل امتلەرىڭغە.

(انه كان توابا ③) تەھقىق ئۇل رەببىڭ مۇكەللەپ بەندەلەرنى ياراتقان بىرى اندن مغفرت ئىستىگەن بەندەلەرنىڭ توبەسىنى قوبول قىلغۇچى دور.

بۇ بەندە ئايا ئۇل رەببۇ تەۋۋاب سېنىڭ تەۋبە ۋە ئىستىغپارىڭنى قوبۇل قىلمايدۇرمۇ؟
بەس كېرەككىم ھەمىشە ئىستىغپار ۋە تەۋبەدە بولغايسەن ۋە قوبۇلىنى رەببىڭ
دىن ئۈمىد قىلغايسەن.

## 111 - سورة المسد مكه ده نازىل بولمىش
## ئايەتلەرى 5 دور

### بسم الله الرحمن الرحيم

(تبت يدا ابى لهب وتب ①) ئەبۇلەھەب ھەلاك بولسۇن ۋە ئەلبەتتە
ئۇل ئەبۇلەھەب مۇستەھىق ھەلاك بولدى. ياكە ئەبۇلەھەبنىڭ ئىلكى قولى
يالغۇچ بولۇپ ھەلاك بولسۇن ۋە ئۆزى ھەم ھەلاك بولسۇن.
سەھىھ بۇخارىدە سۈرە شۇئەرا تەفسىرىدە رىۋايەت قىلىپ دۇر.
ابن ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇما ئەيتىپ دۇر. ئۇل ھەنگامىكە «وانذر عشير
تك الاقربين»، ئايەتى نازىل بولدى. رسول الله صلى الله عليه وسلم سافاتاغىغە
چىقىپ ئاۋاز بەلەند ئىلە يا بنى فهر يا بەنى عدى دەپ قورەيش دېگەن ئىچىكى قەبىلە
لەرنى چاقىردىلەر. قورەيش قەۋمى يىغىلدىلەر دەپ رسول الله قېشىغە كېلىپ
جەم بولدىلەر. كەلمەگەنگە قادىر بولالمىغان كىشىلەر ۋاقىئە نېمە ئىكەن
لىكىنى بىلمەك ئۈچۈن ئۆز تەرەپلەرىدىن ئادەم ئىباردىلەر. ئەبۇلەھەب
ھەم بۇ مۇقامغە قورەيش بىلەن بىرگە كەلدى. رسول الله دېدىكەم كا-
مەئلۇم قىلىڭلەركە ئەگەر مەن سىزلەرگە ئۇشبۇ تاغنىڭ ئېتەكىدە ئاتلىق
دۈشمەنلەر باردۇر سىزلەرنى ئۇرۇپ غارەت قىلماقنى ئىرادە قىلىپ دۇر
دەپ خەبەر بەرسەم، ئايا مېنى تەسدىق قىلىپ ئىشەنەسىزلەرمۇ؟
قورەيش دېدىلەركە بىزلەر سېنى تولا تەجرىبە قىلدۇق. سەندە راس
لىقدىن باشقە نەرسەنى تاپمادۇق. ئەلبەتتە بۇ سۆزۈڭگە ھەم تەسدىق

قىلىمىز - رەسۇل الله دېدىكە: ئاندا‌غ بولسا مەن سىلەرنى ئالدىڭىزدە بولادۇرغان قاتتىغ ئازاب بىرلە قورقۇتقۇچى دۇرمەن. ئەبۇلەھەب دېدىكە: ھېلاك بولغىي محمد بىزنى شول سوزگە يىغدىڭمۇ؟ «تبت يدا ابى لهب و تب ما اغنى عنه ماله و ما كسب» نازىل بولدى.

ئەبولهب نىڭ ئىسمى عبد العزى دور. ئەبولەھەب بىلە لەقەب قىلىنماقىنىڭ ئىككى مەڭىزى ئوت تەك قىزارىب تاب ئۇروب تورماقى جەھەتىدىن دور.
ئەبولەھەب نەسەبدە رسول اللەغە ئىنىڭ يېقىن قېرىنداشى ئىكەنلىكى، يەئنى ئول عبد المطلب نىڭ ئوغلى سيدنا رسول الله نىڭ ئاتاسى عبد الله نىڭ بورادەرى ئىكەنلىكى بارچىغە مەئلوم دور. باووجود شونداغ قېرابەت ئىلە ئول رسول اللەغە ئىنىڭ ئولوغ جاپاكار ۋە بەدخاھ ئەزىيەت كىردارلەردىن ئىدىلەر.

(ما اغنى عنه ماله و ما كسب ۝٢) ئول ئەبولەھەب مالى ۋە ئېنىڭ كەسب قىلغان نەرسەسى پالاكەتنى ئاندىن توسمادى ۋە رەسۋالىقنى ئاندىن كەتكۈزمەدى ياكە ئول ئەبولەھەب نىڭ مالى ۋە كەسب قىلغان نەرسەلەرى ئاندىن قايسى بىر بالانى توستى، ۋە قايسى ئازابنى ئاندىن كەتكۈزدى.

(سيصلى نارا ذات لهب ۝٣) يېقىن دوركە ئول ئەبولەھەب بىر ئولوغ ھارارەتلىك ئوتغە كىرەدور. ۋە دوزەخ ئوتى بىلەن ئازابلانادور.

ئەمدى ئول شەقى نىڭ خاتونى ام جميل نىڭ رسول اللەغە عداۋەت قىلماقدە ۋە ھەرخىل ئەزىيەتلەر بىرلە آزار يەتكۈزمەكدە ئەرىغە تامام موۋافىقەت قىلغان جەھەتدىن قارارگاھى ئەرىغە موۋافىقەت بولمىكىدىن خەبەر بېرىب الله تعالى ئەيتادور:

(وامرأته حمالة الحطب ۝٤) ۋە ئوتون كوتەرگۈچى ئەبولەھەب نىڭ خاتونى ھەم ئول قاتتىغ يالقونلانىب يانادورغان دوزەخ ئوتىدە ئېنىڭ بىلە بىرگە كىرەدور.

(فى جيدها حبل من مسد ۝٥) ئول خاتون نىڭ بوينىدە مەھكەم ئورۇلغان

ئاغامچىدىن بىر ئاغامچى بولغان ھالدا.

يەنى قايداغكى بو دونيا ئۆلشە قىيە خاتۇن الله سبحانەنىڭ دوسلەرىغە ئازار بەرمەك ئۈچۈن ئارقاسىغە تىكەن كوتارىپ بوينىغە ئارغامچى سېلىپ ئىدى ئۈشبۇ ئەمەل قەبىھىغە مۇۋاپىق قىيامەت كۈنى ئارقەسىغە دوزەخ زەققۇم دەرەختىدىن ئوتۇن كوتەرىپ بويىندە ئوتدىن قىلىنغان زەنجىر بولغان ھالدا جەھەننەمگە كىرىپ ئەبەدى شۇل ھالدە مۇئەززەب بولادور.

## 112- سورة الاخلاص مكەدە نازىل ئۆلمىش

## آيەت لەرى 4 دور.

بسم الله الرحمن الرحيم

(قل هو الله احد ۝١) ئى محمد (ص) مۇشرىكلەرغە دېگىل كىم: ھېچ بىر شەك بولماغان ۋە قەتئى دەلىل بىرلە سابىت بولغان ھەق ۋە راس خەبەر بودوركىم، الله بىر دور. ياكە سىزلەرنى توحيد عبادەتىغە دەعۋەت قىلغان مەئبودىم شېرىكى ۋە نظىرى يوق بىر مەئبود بەرھەق دور دېگىل.

مۇپەسسىرلەر بو سورەكەرىمەنىڭ نۇزۇلى بارەسىدە دېمىشلەر كىم: مۇشرىكلەر رسول اللەغە دېدىلەركە ئى محمد (ص) ئۆل مەئبودىڭكە بىزنى ئىبادەتىغە چىرلايدورسەن ئىنىڭ ماھىيەتى ۋە سوپەتى نېمە دور؟ بىزلەرغە ئىنى ۋەسپ قىلغىل دەپ، الله تعالى بو آيەتنى نازىل قىلدى.

(الله الصمد ۝٢) يەنى جەمىئ سۈپات كامالغە جامىئ مەئبود بەرھەق ھەر ئۇموردە ۋە تىلەكدە جېنابىغە خەلق ئىھتىياج ۋە مۇشكىلاتىنى بايان قىلدورغان بىر ئىگىدار بيوك شانلىق بى نىياز دور.

صمد : ئۇل زات بى نىياز دوركە ھەممە ئېھتىياج دە ئېنىڭ دەرگاھىغە
روجوئ قىلىنادور . وە تىلەكلەردە ئېنىڭ جېنابىغە روي قەسكەلتو-
رولودور .

(لم يلد ولم يولد ۝٣) الله تعالى ھېچ بىر بالا توغمادى وە ئۆزھەم بىر كىشى-
دىن توغولمادى .

الله تعالى نىڭ ھېچ بالىنى توغماغىنىغە ئىللەت بوكىم . الله تعالى ھېچ بىر
مەخلوق ماجانس ئېمەسدور . تا ئاتا ئۆز جېنسىدىن خاتون بولوب ئىككى
سىدىن بالا وجود غە كەلگەي مەجانىست بارابەرلىق بولمىغاچ ئەلبەتتە
توغماق نىڭ مومكىن ئېمەسلىكى لازىم كېلور . وە ھەم توغماق بىر ئېھتىياجغە باغ-
لانما قيدور . ئۇل ئاتىنىڭ ھاياتىدە ئاتا بالىسىنىڭ ياردەم ئولماقى وە ئا-
تىيدىن سوڭ ئۆرنىدە خلف (خەلەپ) بولما قيدىن ئىبارەتدور . الله تعالى-
جېنابىغە ئېھتىياج وەپات يول تاپماس . ئېنىڭ جېنابىدىن بالا بولماقى ماھال
دور . الله تعالى نىڭ بىر كىمسەدىن توغولمىغانلىقى نىڭ ئىللەتى بوكىم ؛
بالا ئۆلمەك ئاتانىڭ وجود غە موھتاج دور وە ھەم ئەدەم سبقت قىلغان
ھادىس بولماقلىقىنى تاقازا قىلادور . الله تعالى ھېچ نەرسىغە موھتاج
ئېمەسدور . وە ھودود وە جسمىيەتدىن پاك دور .

(ولم يكن له كفوا احد ۝٤) وە الله تعالى غە ھېچ نەرسە بارابەر وە ئوخشاش
بولمايدورلەر . يەئنى ھېچ بىر نەرسە الله تعالى غە مىسل ئېمەس دور . نە
ئېنىڭ زاتى وە نە سوپاتىدىن بارابەر نەرسە دە .

بو سورە شەرىپ ئۆزى قىسقە بولسىمو ئەمما مەئنىدە كوب بيوك
وە ئولوغ مەئنى لەرگە ئىگە دور . وە ھەربىر ئايەت لەرى بىردەلىل وە
بورھان غە موشتەمىل دور .

١- ئايەت: الله تعالى نىڭ بىرلىكىغە دەلىل دور .

٢- ئايەت: ئۇل مەئبود يېگانە نىڭ كەرەم وە رەھىم ئىكەنلىكىگە دەلىل دور
چونكە ئۇل مەئبود يېگانە نىڭ ھەممە خەلق غە مولتەجى مەئبود الىيە

بولماقى ئېنىڭ پەزلى وە ئېھسان ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قىلىدۇر

3- آيەت: ئۇل مەئبۇد يېگانەنىڭ غەنى موتلەق وە كامىل چىلىك وە-
ئەيب وە ئۆزگۈرۈلۈشتىن پاك ئىكەنلىكىغە وە ئەسلا ھېچ بىر نەرسەغە ئېھتىياج
قىلماسلىقىغە وە ھەم ئېنىڭ كەرەم وە سېخىدە بولماقى وە يا زەرەردىن
ئۇزاقلىقى ئۈچۈن بولماي بەلكە خەلقغە مەدەت ئېھسان ئۈچۈن ئىكەنىنى
غە دەلالەت قىلىدۇر.

4- آيەت ئۇل مەئبۇد يېگانەنىڭ جىنابىغە جايىز وە لايىق ئېمەس
سۈپەتلەرنى نەفى ئەتمەككە دەلىل دۇر.

بۇ سۈرە شەرىفە باۋجۇد قىسقەلىقى ئىلە ھەممە ماسارىف
الهىيەغە موتەزەممىن (ئىچىگە ئالغاندۇر) وە ھەم ئۇل ماسارىف
الهىيەدە شۈبھە كۆرگۈزگەنلەرنىڭ رەدىغە موشتەمەل بولغانى
ئۈچۈن ھەدىسە نەبەۋىدە سۈرەئى قۇرئان ئۈچلىكىغە (ئۈچتىن بىرىغە)
بارابەر دېيىلمىش، زىراكە مەقاسىد قۇرئان ئۈچ نەرسىدە مەنھسوردۇر
كىم: ئۇلار بايان ئەقائىد وە ئەھكام وە قەسەس دۇر. بۇ سۈرە شەرىفە
ئۇل ئۈچ مەقاسىدنىڭ بىرى. وە ئېنىڭ ئەشرەفى بولغان بايان ئەقائىدغە شا-
مىل بولغان جەھەتدىن ئۈچلىك قۇرئانغە بارابەر بولمىشدۇر.

## 113- سورة العلق مكه ده نازل بولمىش

آيەتلەرى 5 دۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(قل اعوذ برب الفلق ۞ من شر ما خلق ۞) يى محمد (ص) ئەيتغىل كىم يۇتلىق قاراڭغۇلۇق
دىن بارسەھنە سېبىغە چىقىر يىلغان، ھەممە كائىنات پەروەردىگارىغە سېغىنىمەن
وە ئېنىڭ ساقلىمىقى وە ئېنايەتىغە پاناھ ئالىمەن، ئۇل رب تائالا مخلوق دە يارەتقان

ھەربىر مەخلۇقاتنىڭ زەرەرى ۋە ئازارى ۋە شەررىدىن ياكە قاراڭغۇلۇقنى
يارىتىپ ئاشكارى قىلىشقان پادىشاھنىڭ پەرۋەردىگارىغە سېغىنىمەن.
ئۇل پەرۋەردىگار ياراتقان ھەربىر مەخلۇقنىڭ شەررىدىن.
(ومن شر غاسق اذا وقب ③) ۋە يەنە دېگىل كىم رب الفلق غە سېغىنىمەن
قاراڭغۇ كېچەنىڭ زەرەر ۋە يامانلىقىدىن، ھەر قاچان ئۇل كېچەنىڭ قاراڭغۇ
لىقى ھەربىر نەرسىنى قاپلاپ ئالسا، كېچەنىڭ قاراڭغۇلىقىدە بولادۇرغان
زەرەر ۋە يامانلىقلار ھېسابدىن زىيادە دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله-
تعالى كېچەنىڭ شەررىدىن ئىستىئازە ئەيلىمەككە خاسسە ئەمر قىلىپدۇر.
چۈنكى قاراڭغۇ كېچەنىڭ زەرەرى ۋە قورقۇنچىدىن بەندەلەرنى خالاس ئەيلەماق
غە ئۇل الله قديرنىڭ ئۆزى غىنە قادىردۇر.
شۇكرە الله تعالى ئۆزىنىڭ مەخلۇقلارى جۈملەسىدىن زەرەرلەرى
قاتتىغ بولۇپ ئاندىن ساقلانماق ئىنسانغە قىيىن بولادۇرغان بەزى بىر مەخ
لۇقلەرنىڭ شەررىدىن ئۆز جىناپ ئەزىمەتمائابىغە ئىستىئازە
ئەيلەمەككە خاسسە ئەمر ئەتەدۇر:
(ومن شر النفثت فى العقد ④) ۋە يەنە ئەيتغىل كىم تۈگۈنلەرغە دەم ئۇرۇپ
خەلقنى ئالدىغۇچى نەپسلەرنىڭ يامانلىقىدىن ھەممە كائىناتنىڭ پەر
ۋەردىگارىغە سېغىنىمەن. ئەكسەر مۇفەسسىرلەر «النفثت» نى ئەلنۇپۇس
ئەلساۋاھىر دېمىشلەر. يەئنى سەھر قىلغۇچى نەپسلەر كە يىپ
لەرگە تۈگۈنلەر قىلۇرلەر، ۋە ئۇل تۈگۈنلەرغە جادۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ
دەم ئۇرارلەر. بۇ ئايەت شەرىفە مەزمۇنىغە قاراساق رەممال لىق
قىلىپ خەلقنى بىمەئنى سۆزلەرغە ئىشەندۇرۇپ غافىل قىلغۇچىلەر
ۋە مەيدە تاشلەرنى سالىپ ئاندىن ئىستىغىياط ئىلم غەيب ئەيلىمەك
دائۋاسى ئىلە ئادەملەرنى ئالدىغۇچىلەر. ۋە ئەسلى يوق بىمەئنى جادۇ
سۆزلەرنى يېزىپ تومار قىلدۇرۇپ بەزى موھەببەت ئۆمىدىدە
نادان غافىلە خاتۇنلەرغە تەئۋىز قىلغىل دەپ بەرگۈچى ئەپسۇنخانلەر ھۇ

بۇ ئايەتتە «مستعاذ منه» بولغان نۇپۇسى ساھىر جۇملەسىدىندۇر.
(ومن شر حاسد اذا حسد ٥) وە يەنە دىگىل كىم پەرۋەردىگارىئالەم
غە سىغىنىمەن. ھەسەد قىلغۇچى نىڭ شەررىدىن ھەر قاچان ئۇل
ھاسىد ھەسەدىنى ئاشكارى ئەيلەپ ئىنىڭ موقتەزاسىچە بەد-
خاھلىق قىلماقنى ئىستىسە.

## ١١٤ - سورة الناس مكه ده نازل ئۇلمىش
## آيتلەرى 6 دور

بسم الله الرحمن الرحيم

(قل اعوذ برب الناس ١) ئى محمد (ص) دىگىل كىم مەن پانا ئالىمەن ئادەملەر
نىڭ پەرۋەردىگارىغە يەئنى ئانداغ نعم واصناف مصالح ئىلە ئادەملەرنى
ئۆز ئىستىئدادىغە موۋاپىق تەربىيە قىلغۇچى زاتغە.
(ملك الناس ٢) وە ئادەملەرنىڭ پادىشاھىغە - يەئنى بوتۈن ئادەملەرنى
ئىگىسى ھوكمىدە ئەركىن وە ئۇلۇغلۇق بىرلە بارچىغە پەرمانىنى يۇرگۇزگۇچى زاتغە.
(اله الناس ٣) وە ئۇل ئادەملەرنىڭ ھەقمەئبۇدى اللهغە،
(من شر الوسواس الخناس ٤) ئىنسانلەرنىڭ دىلىغە بيهوده خاتىرەلەرنى
سالغۇچى وە ئۇل سالغان بيهوده خاترەلەر ئىلە ئىنساننى ئىبادەت
الهيتە دىن وە ذكر اللهغە مشغول بولماقدىن وە دىن - دونيانىڭ خەيرى
سىلاھىغە ياردەم بولادورغان ئەئمالنى قىلماقتىن ياندۇرغۇچى وەسائا
رەت وە ياخشىلىق يولىدىن كيينغە چېكىندۇرگۈچى نىڭ يامانلىقىدىن.
(الذى يوسوس فى صدور الناس ٥) ئانداغ وسواس خناس دوركە
ئۇل ئادەملەرنىڭ كوكرەكلەرىدە وەسوەسە قىلادور.
(من الجنة والناس ٦) ئۇل وەسواس، خەنناس جىن تائىپەسى

دىن وەئىنسانلەر زىمرەسىدىن دور .

وەسوەسە لوغەتدە هيچ بىر پايدسى وە ياخشى ليقى يوق خاتىرەنى دىلغە سالماق وە مەخپى سورەتدە يامان ئىشغە چىرليماق دور.

الخناس — خنوس دىن مشتق صيغە موبالىغە دور، خنوس تاخىر قىلماق وە ياناماق دور، يەئنى وەسواسى كە ئىنسانىڭ سويىتى ئىن-سان پەروەردىگارىنى زىكرى قىلغاندە ئارقەسىغە تايىب ئوزىنى تارتماقدور، بو مەئنىغە كورە وەسوەسە وەخنوس نى ئادەم نىڭ دىلىدىكى ئىككى هالەتغە كورە شەيتان نىڭ ئىككى سوپىتىدور . ئەگەر بەنى ئادەم دىلى ئاقىل وە زاكىر بولسا، شەيتان خناس دور. وە ئەگەر بەنى ئادەم نىڭ دىلى غاپىل وە ناسى بولسا شەيتان وەسواس دور .

---

سەهى بوخارىدە راوىيەت قىلىب دور : حضرت عائشە رضى الله عنها ئەيتىب دور رسول الله صلى الله عليه وسلم هەر قاچان ياتار ورغان وەقتدە ياتاقىغە كيرسە ، «قل هو الله احد، وقل اعوذ برب الفلق و قل اعوذ رب الناس نى بولەرنىڭ بارچەسىنى اوقوب ئىككى ئالىقىنىغە دەميدە قىلىب سوڭرە ئىككى ئالىقىنى يوزيغە وە جسمى دين قولى يەتكەن جايلەرغە مسح قىلور ئىدى. حضرت عائشە رضى الله عنها ئەيتىب دور كە حضرت رسول الله صلى الله عليه وسلم ئاخىر كسل ليك چاغيدە هەم شول اصول دە سورة مذكورە لەرنى ئوقوپ ئوزيغە دەم قيلماقنى ماڭا ئەمر قيلور ئىدى.

## ایچندەکەلەر



| موضوع | پیت | موضوع | پیت |
|---|---|---|---|
| کیریش سوز | 1 | الشرح | 77 |
| النبأ | 6 | التين | 79 |
| النازعات | 12 | العلق | 82 |
| عبس | 21 | القدر | 84 |
| التكوير | 28 | البينة | 86 |
| الانفطار | 32 | الزلزلة | 89 |
| المطففين | 35 | العاديات | 90 |
| الانشقاق | 40 | القارعة | 92 |
| البروج | 43 | التكاثر | 93 |
| الطارق | 47 | العصر | 95 |
| الأعلى | 50 | الهمزة | 98 |
| الغاشية | 54 | الفيل | 100 |
| الفجر | 58 | قريش | 102 |
| البلد | 63 | الماعون | 103 |
| الشمس | 68 | الكوثر | 105 |
| الليل | 71 | الكافرون | 107 |
| الضحى | 75 | النصر | 110 |

| موضوع | بت |
|---|---|
| المسد | 111 |
| الاخلاص | 113 |
| الفلق | 115 |
| الناس | 117 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

مَطبعة رابطة العَالم الإسلامي بمكة المكرمة

www.uyghurkitap.com

مطبعة
رابطة العالم الإسلامي
مكة المكرمة